# أحكام طهارة المريض وصلاته

# كېسەل كىشىنىڭ تاھارىتى ۋە نامىزىنىڭ ھۆكۈملىرى

ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى باز (رەھىمەھۇللاھ)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئىلھام



# أحكام طهارة المريض وصلاته

# كېسەل كىشىنىڭ تاھارىتى ۋە نامىزىنىڭ ھۆكۈملىرى

ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى باز (رەھىمەھۇللاھ)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئىلھام

ئىسلام ئاۋازى نەشرىياتى

بسم الله الرحمن الرحيم

# بسم الله الرحمن الرحيم

بارلىق ھەمدۇ-سانالار ئالەملەرنىڭ رەببى اللە قا خاستۇر. دۇرۇت ۋە سالاملار پەيغەمبەرلەر ۋە ئەلچىلەرنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى بولغان پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ۋە بارلىق ساھابىلىرىگە بولسۇن.

مەقسەتكە كەلسەك، مانا بۇ ــ كىسەل كىشىنىڭ تاھارەت ۋە نامىزىنىڭ بەزى ھۆكۈملىرىگە ئالاقىدار قىسقىغىنە رىسالىدۇر. اللە تائالا ھەربىر ناماز ئۈچۈن پاكلىنىشنى بۇيرۇدى، شۇڭا تاھارەتسىزلىكتىن پاكلىنىش، كىيىمدىن، بەدەندىن ۋە ناماز ئوقۇيدىغان ئورۇندىن نىجاسەتنى يوقۇتۇش ــ نامازنىڭ شەرتلىرىدىن ئىككى شەرتتۇر.

مۇسۇلمان كىشى ناماز ئوقۇماقچى بولغاندا تاھارىتى بولمىسا تاھارەت ئېلىشى، جۇنۇب ياكى ئېھتىلام بولغان بولسا غۇسلى قىلىشى ۋاجىبتۇر. چوڭ ياكى كىچىك ھاجەت ئادا قىلغان كىشىنىڭ، تاھارەت ۋە پاكىزلىقىنىڭ مۇكەممەل بولۇشى ئۈچۈن (نىجاسەت چىققان ئورۇننى) تاھارەت ئېلىشتىن ئىلگىرى سۇ ياكى تاش بىلەن پاكىزلىشى ۋاجىب بولۇپ، تۆۋەندە بۇنىڭغا ئالاقىدار بەزى ھۆكۈملەرنى بايان قىلىمىز.

چوڭ ۋە كىچىك تەرەت يولىدىن چىققان نىجاسەتنى ئىستىنجا قىلىش[1] ياكى ئىستىجمار قىلىش[2] ئارقىلىق پاكىزلاش ۋاجىب. ئەمما، ئۇخلاپ قالغان ياكى يەل چىقىپ كەتكەن كىشىنىڭ ئىستىنجا قىلىشى ۋاجىب ئەمەس، تاھارەت ئالسىلا كۇپايە قىلىدۇ. چۈنكى، ئىستىنجا قىلىش ــ نىجاسەتنى يوقۇتۇش ئۈچۈنلا يولغا قويۇلغان

[1] ئالدى ۋە ئارقا تەرەت يولىدىن چىققان پاسكىنا نەرسىلەرنى سۇ بىلەن تازىلاش.

[2] ئالدى ياكى ئارقا تەرەت يولىدىن چىققان پاسكىنا نەرسىلەرنى تاش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن تازىلاش.

بولۇپ، ئۇيىقۇ ۋە يەل نىجاسەت ئەمەستۇر.

ئۈچ تال تاش بىلەن ئىستىنجىمار قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنۇ سۆزى دەلىلدۇر: «من استجمر فليوتر» «ئىستىنجىمار قىلغان كىشى تاق قىلسۇن». ①

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنۇ سۆزى ھەم بۇنىڭغا دەلىلدۇر: «إذا ذهب أحدكم إلى الغائط فليذهب معه بثلاثة أحجار فإنها تجزئ عنه» «بىرىڭلار ھاجىتىنى ئادا قىلىشقا بارسا، پاكلاش ئۈچۈن ئۈچ تال تاش ئېلىۋالسۇن. چۈنكى. ئۈچ تال تاش ئۇ كىشىگە يېتىدۇ». ②

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۈچتىن ئاز تاش بىلەن ئىستىنجىمار قىلىشتىن توسقانلىقى ھەم بۇنىڭغا دەلىلدۇر.

تېزەك، سۆڭەك، تائام ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش چەكلەنگەن نەرسىلەر بىلەن ئىستىنجىمار قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ. تاش، قەغەز، چالما ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن تازىلاپ بولغاندىن كېيىن سۇ ئىشلىتىش ئەۋزەلدۇر. چۈنكى تاش نىجاسەتنى يوقىتىدۇ، سۇ ئورۇننى پاكىزلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن مۇكەممەل پاكىزلانغان بولىدۇ. ئىنسانغا سۇ بىلەن تازىلاش ياكى تاش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن تازىلاش ئوتتۇرىسىدا ئىختىيارلىق بېرىلگەندۇر.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «كان النبي ﷺ يدخل الخلاء فأحمل أنا وغلام نحوي إداوةً من ماء وعنزة فيستنجي بالماء» «پەيغەمبەر ﷺ ھاجەتخانىغا كىرمەكچى

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

بولسا مەن ۋە مەندەك بىر بالا بىر قاچا سۇ ۋە ھاسىنى ئېلىپ باراتتۇق، پەيغەمبەر ﷺ سۇ بىلەن ئىستىنجا قىلاتتى».①

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىر تۈركۈم ئاياللارغا مۇنداق دېگەن: «مرن أزواجكن أن يستطيبوا بالماء فإني أستحييهم ، وإن رسول الله ﷺ كان يفعله» «ئەرلىرىڭلارنى سۇ بىلەن پاكلاشقا بۇيرۇڭلار! مەن (ئۇلارنى سۇ بىلەن پاكلاشقا بۇيرۇشتىن) ھايا قىلىپ قالدىم، ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ﷺ شۇنداق قىلاتتى».②

ئەگەر ئىنسان ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى بىلەن كۇپايىلەنمەكچى بولسا، سۇ ئىشلىتىشى ئەۋزەلدۇر چۈنكى سۇ ئورۇننى پاكلاپ، نىجاسەت ۋە ئۇنىڭ تەسىرىنى يوقىتىدۇ، شۇ ئارقىلىق تېخىمۇ تولۇق پاكلانغىلى بولىدۇ.

ئەگەر تاش بىلەن كۇپايىلەنمەكچى بولسا، نىجاسەت چىققان ئورۇننى ئۈچ تال تاش بىلەن تازىلاش كۇپايە قىلىدۇ. ئەگەر ئۈچ تال تاش نىجاسەت چىققان ئورۇننى پاكلىيالمىسا، تاكى پاك بولغانغا قەدەر تاشنىڭ سانىنى ئاشۇرسا بولىدۇ. لېكىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «من استجمر فليوتر» «ئىستىجمار قىلغان كىشى تاق قىلسۇن»③ دېگەن سۆزىگە ئاساسەن تاشنى تاق ئىشلىتىشى ئەۋزەلدۇر.

ئوڭ قول بىلەن تازىلاش دۇرۇس ئەمەس. بۇنىڭغا سالمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىستە كەلگەن سۆزى دەلىلدۇر: «نهانا

---

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

③ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

أن نستقبل القبلة لغائط أو بول أو أن نستنجي باليمين» «پەيغەمبەر ﷺ بىزنى چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلغاندا قىبلىگە ئالدىمىزنى قىلىش ۋە ئوڭ قول بىلەن ئىستىنجا قىلىشتىن چەكلىگەن ئىدى». [1]

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنۇ سۆزى ھەم بۇنىڭغا دەلىلدۇر: «لا يمسكن أحدكم ذكره بيمينه وهو يبول ولا يتمسح من الخلاء بيمينه» «بىرىڭلار كىچىك تەرەت قىلغاندا ئەۋرىتىنى ئوڭ قولى بىلەن قەتئىي تۇتمىسۇن ۋە ئوڭ قولى بىلەن تازىلىمىسۇن». [2]

ئەگەر سول قولى ئۈزۈلۈپ كەتكەن ياكى سۇنۇپ كەتكەن ۋە ياكى ئاغرىپ قالغان بولسا، ئېھتىياج تۇپەيلى ئوڭ قولى بىلەن تازىلاش دۇرۇس. چۈنكى ئىسلام شەرىئىتى ئاسانلىق ۋە ئوڭايلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، الله تائالا ئۆزرە ئىگىلىرىنىڭ قىينالماستىن مۇشەققەتسىز ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆزرىلىرىگە يارىشا ئىبادەتلەرنى يەڭگىللىتىپ بەرگەن. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا جَعَلَ عَلَيۡكُمۡ فِي ٱلدِّينِ مِنۡ حَرَجٖ﴾ «الله سىلەرگە دىندا ھېچقانداق مۇشكۈللۈكنى قىلمىدى (يەنى سىلەرنى سىلەر تاقەت قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تەكلىپ قىلمىدى)» [3]. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يُرِيدُ ٱللَّهُ بِكُمُ ٱلۡيُسۡرَ وَلَا يُرِيدُ بِكُمُ ٱلۡعُسۡرَ﴾ «الله سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ» [4]. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ مَا ٱسۡتَطَعۡتُمۡ﴾

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.
[2] مۇسلىم توپلىغان.
[3] سۈرە ھەج 78 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە بەقەرە 185 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

«تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە الله قا تەقۋادارلىق قىلىڭلار»[1]. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «إذا أمرتكم بأمر فأتوا منه ما استطعتم» «ئەگەر مەن سىلەرنى بىر ئىشقا بۇيرۇسام، ئۇ ئىشنى تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئورۇنداڭلار».[2] پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «إن الدين يسر» «دىن ھەقىقەتەن ئاساندۇر».[3]

كېسەل كىشى ئۆزىنىڭ ئاجىز كەلگەنلىكى، كېسىلىنىڭ ئېغىرلاپ كېتىشى ياكى ساقىيىشىنىڭ كېچىكىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلسا، كىچىك تاھارەت ئېلىش، جۇنۇب ياكى ئېھتىلام بولغان بولسا يۇيۇنۇش ئۈچۈن سۇ ئىشلىتىشكە قادىر بولالمىسا تەيەممۇم قىلىدۇ.

تەيەممۇم قىلىش ــ ئىككى قولىنىڭ ئالقىنىنى پاك تۇپراققا بىر قېتىم ئۇرۇپ ئاندىن بارماقلىرىنىڭ ئىچى بىلەن يۈزىنى، ئىككى ئالقىنى بىلەن قولىنىڭ دۈمبىسىنى سىلاشتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنْ كُنْتُمْ مَرْضَى أَوْ عَلَى سَفَرٍ أَوْ جَاءَ أَحَدٌ مِنْكُمْ مِنَ الْغَائِطِ أَوْ لَامَسْتُمُ النِّسَاءَ فَلَمْ تَجِدُوا مَاءً فَتَيَمَّمُوا صَعِيدًا طَيِّبًا فَامْسَحُوا بِوُجُوهِكُمْ وَأَيْدِيكُمْ مِنْهُ﴾ «ئەگەر كېسەل بولساڭلار (سۇ زىيان قىلىدىغان بولسا)، ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (سۇ تاپالمىساڭلار)، ياكى سىلەرنىڭ بىرىڭلار ھاجەتخانىدىن كەلگەن (يەنى تاھارەت سۇندۇرغان) بولساڭلار، ياكى ئاياللىرىڭلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن (غۇسلى تاھارەت ئۈچۈن) سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراققا تەيەممۇم قىلىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن يۈزۈڭلارغا،

[1] سۈرە تەغابۇن 16 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[3] بۇخارى توپلىغان.

قولۇڭلارغا مەسھى قىلىڭلار»[1].

سۇ زىيان قىلىدىغان كىشىنىڭ ھۆكمى سۇ تاپالمىغان كىشىنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاشتۇر. ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: «إنما يكفيك أن تقول بيديك هكذا ثم ضرب بيديه الأرض ضربة واحدة ، ثم مسح بهما وجهه وكفّيه» ((پەيغەمبەر ﷺ ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:) <ساڭا مۇنداق قىلىش كۇپايە ئىدى> دەپ، ئىككى قولىنى يەرگە بىر ئۇرۇپ، يۈزى ۋە ئىككى قولىنى سىلىدى».[2]

تەيەممۇم پەقەت چاڭ ـ توزىڭى بار پاك تۇپراق بىلەنلا قىلىنىدۇ، ئەمما تەيەممۇم نىيەتسىز دۇرۇس بولمايدۇ. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «إنما الأعمال بالنيات وإنما لكل امرئ ما نوى» «بارلىق ئەمەللەر (نىڭ دۇرۇس بولۇشى ۋە تولۇق ئەجىر بېرىلىشى) پەقەت نىيەتكە باغلىقتۇر، ھەربىر ئىنسان پەقەت ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىگىلا ئېرىشىدۇ».[3]

---

[1] سۈرە مائىدە 6ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ئەھمەد توپلىغان.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

## كېسەل كىشىنىڭ بىرقانچە خىل ھالەتلىرى

1. ئەگەر كېسەل كىشى باش ئاغرىقى ۋە چىش ئاغرىقىغا ئوخشاش يېنىك كېسەل بولۇپ، سۇ ئىشلەتسە ھاياتىغا خەۋپ يېتىشتىن، ياكى كېسەلنىڭ سوزۇلۇپ كېتىشىدىن، ياكى ئاغرىقنىڭ ئېغىرلاپ كېتىشىدىن ۋە ياكى ئېغىر بىر ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن قورقمىسا ھەمدە ئەھۋال شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ ئىسسىق سۇ ئىشلەتسە زىيان قىلمايدىغان بولسا ئۇ كىشىنىڭ تەيەممۇم قىلىشى دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى تەيەممۇم قىلىش زىياننى يوقىتىش ئۈچۈن دۇرۇستۇر. ھالبۇكى، سۇ ئىشلىتىش ئۇ كىشىگە ھېچقانداق زىيان ئېلىپ كەلمەيدۇ، شۇڭا بۇ خىل ھالەتتىكى كىشىنىڭ سۇ تاپالىغانلىقى ئۈچۈن سۇ ئىشلىتىشى ۋاجىب بولىدۇ.

2. ئەگەر كېسەل كىشى ھاياتىغا ياكى بىرەر ئەزاسىغا خەۋپ يېتىشتىن، ياكى بىرەر كېسەلگە گىرىپتار بولۇشتىن ۋە ياكى بىرەر ئەزاسىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرىسە بۇ كىشىنىڭ تەيەممۇم قىلىشى دۇرۇس بولىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَقْتُلُوا أَنْفُسَكُمْ إِنَّ اللَّهَ كَانَ بِكُمْ رَحِيمًا﴾ «سىلەر ئۆزەڭلارنى (يەنى بىر-بىرىڭلارنى) ئۆلتۈرمەڭلار، الله ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر»[1].

3. ئەگەر كېسەل كىشى ھەرىكەت قىلالمىسا ياكى سۇ ئەكېلىپ

[1] سۈرە نىسا 29- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىرىدىغان كىشى بولمىسا، ئۇ كىشىنىڭ تەيەممۇم قىلىشى دۇرۇس بولىدۇ.

4. جاراھەت، يارا ۋە سۇنۇق قاتارلىق سۇ زىيان قىلىدىغان بىرەر كېسەللى بار بىر كىشى جۇنۇب بولۇپ قالغان بولسا، ئىلگىرىكى دەلىللەر سەۋەبىدىن ئۇ كىشىنىڭ تەيەممۇم قىلىشى دۇرۇس بولىدۇ. ئەگەر بەدىنىنىڭ ساق ئەزالىرىنى يۇيۇش مۇمكىن بولسا ساق ئەزالىرىنى يۇيۇشى ۋاجىب بولىدۇ، سۇ زىيان قىلىدىغان ئەزاسىغا تەيەممۇم قىلىدۇ.

5. كېسەل كىشى تۇرغان ئورۇندا سۇ ۋە تۇپراق بولمىسا ياكى سۇ ۋە تۇپراق بولسىمۇ ئۇنى ئەكىلىپ بىرىدىغان كىشى بولمىسا، ئۇ كىشى شۇ ھالىتىدە ناماز ئوقۇۋېرىدۇ، نامازنى كېچىكتۈرمەيدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَاتَّقُوا اللَّهَ مَا اسْتَطَعْتُمْ﴾ «تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە اللە قا تەقۋادارلىق قىلىڭلار» [1].

6. سۈيدۈك تامچىلاش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ داۋالىنىپ ساقىيالمىغان كىشى ناماز ۋاقتى كىرگەندىن كېيىن ھەربىر ۋاق نامازغا بىر قېتىم تاھارەت ئالىدۇ، بەدىنىنىڭ سۈيدۈك تەگكەن يەرلىرىنى يۇيىدۇ. ئەگەر مۇشەققەت بولۇپ قالمىسا ناماز ئۇچۇن پاك كىيىم كىيىدۇ، ئەگەر مۇشەققەت بولۇپ قالسا ئۇ كىشىنى اللە ئەپۇ قىلىدۇ (ئىنشائاللاھ). اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا جَعَلَ عَلَيْكُمْ فِي الدِّينِ مِنْ حَرَجٍ﴾ «اللە سىلەرگە دىندا ھېچقانداق مۇشكۇللۇكنى قىلمىدى (يەنى سىلەر تاقەت قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تەكلىپ

[1] سۈرە تەغابۇن 16ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىلمىدى))»①.

الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى ھەم بۇنىڭغا دەلىلدۇر: ﴿يُرِيدُ اللَّهُ بِكُمُ الْيُسْرَ وَلَا يُرِيدُ بِكُمُ الْعُسْرَ﴾ «الله سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ»②. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنۇ سۆزى ھەم بۇنىڭغا دەلىلدۇر: «إذا أمرتكم بأمرٍ فأتوا منه ما استطعتم» «ئەگەر مەن سىلەرنى بىر ئىشقا بۇيرۇسام، ئۇ ئىشنى تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئورۇنداڭلار».③ لېكىن ئۇ كىشى سۈيدۈكنىڭ كېيىم، بەدەن ياكى ناماز ئوقۇيدىغان ئورۇنغا تاراپ كېتىشىدىن ناھايىتى بەك ئېھتىيات قىلىشى كېرەك.

تاھارەتنى بۇزىدىغان ھەرقانداق نەرسە بىلەن تەيەممۇم بۇزۇلىدۇ، شۇنداقلا، سۇ ئىشلىتەلەيدىغان بولۇش ياكى ئىلگىرى سۇ تاپالماي (تەيەممۇم قىلغاندىن) كېيىن سۇ تاپقان بولسا تەيەممۇم بۇزۇلىدۇ. الله تائالا ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.

---

① سۈرە ھەج 78 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

② سۈرە بەقەرە 185 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

③ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

## كېسەل كىشىنىڭ نامىزى

ئىلىم ئەھلىلىرى قىيامدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇيالمايدىغان كىشىنىڭ ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇيدىغانلىقىغا، ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇيالمايدىغان كىشىنىڭ قىبلىگە يۈزلىنىپ يېنىچە يېتىپ ناماز ئوقۇيدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلگەن. يېنىچە يېتىپ ناماز ئوقۇغاندا ئوڭ تەرىپىنى بېسىپ يېتىش مۇستەھەپتۇر. ئەگەر يېنىچە يېتىپ ناماز ئوقۇشقا قادىر بولالمىسا ئوڭدىسىغا يېتىپ ناماز ئوقۇيدۇ. بۇنىڭغا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئىمران ئىبنى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا دېگەن مۇنۇ سۆزى دەلىلدۇر: «صل قائما ، فإن لم تستطع فقاعدا، فإن لم تستطع فعلى جنب» «نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇغىن، ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇيالمىساڭ ئولتۇرۇپ ئوقۇغىن، ئولتۇرۇپ ئوقۇيالمىساڭ يېنىچە يېتىپ ئوقۇغىن».[1]

نەسائى «فإن لم تستطع فمستلقيا» «ئۇنىڭغا قادىر بولالمىساڭ ئوڭدىسىغا يېتىپ ئوقۇغىن» دېگەن سۆزنى قوشۇپ نەقىل قىلغان. بىر كىشى قىيامدا تۇرالايدىغان ئەمما رۇكۇ ياكى سەجدە قىلىشقا تاقىتى يەتمەيدىغان بولسا، قىيامدا تۇرۇش ئۇ كىشىدىن ساقىت قىلىنمايدۇ، ئۇ كىشى قىيامدا تۇرۇپ رۇكۇنى ئىشارەت ئارقىلىق قىلىدۇ، ئاندىن كېيىن ئولتۇرۇپ سەجدىنىمۇ ئىشارەت ئارقىلىق قىلىدۇ. بۇنىڭغا اللە تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى دەلىلدۇر: ﴿وَقُومُوا لِلَّهِ قَانِتِينَ﴾«اللە نىڭ ھۇزۇرىدا (يەنى

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

نامازدا) ئىتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇڭلار»[1]. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنۇ سۆزى ھەم بۇنىڭغا دەلىلدۇر: «صل قائما» «نامازنى ئۆرە تۇرۇپ ئوقۇغىن». الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزى ھەم بۇنىڭغا دەلىلدۇر: ﴿فَاتَّقُوا اللَّهَ مَا اسْتَطَعْتُمْ﴾ «تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە الله قا تەقۋادارلىق قىلىڭلار»[2].

ئەگەر بىر كىشىنىڭ كۆزىدە كېسەل بولۇپ، ئىشەنچىلىك (يەنى مۇسۇلمان) دوختۇرلار ئۇڭدىسىغا يېتىپ ناماز ئوقۇسىڭىز داۋالاش ئۈنۈملۈك بولىدۇ دېگەن بولسا، ئۇ كىشى ئۇڭدىسىغا يېتىپ ناماز ئوقۇيدۇ.

بىر كىشى رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىشقا قادىر بولالمىسا رۇكۇ ۋە سەجدىنى ئىشارەت قىلىپ ئوقۇيدۇ، لېكىن سەجدىنى رۇكۇدىن پەسرەك قىلىدۇ؛ ئەگەر سەجدە قىلىشقىلا قادىر بولالمىسا رۇكۇ قىلىپ سەجدىنى ئىشارەت ئارقىلىق قىلىدۇ؛ ئەگەر بېلىنى ئېگىش مۇمكىن بولمىسا بوينىنى ئېگىدۇ؛ ئەگەر بېلى ئېگىلىپ قالغان كىشى بولسا رۇكۇ قىلغاندا ئەسلىدىكى ھالىتىدىن يەنە ئازراق ئېگىلىدۇ ۋە تاقىتىنىڭ يېتىشىچە سەجدىدە ئۈنىڭدىنمۇ بەكرەك ئېگىلىپ يۈزىنى يەرگە يېقىنلاشتۇرىدۇ.

بىر كىشى بېشى ئارقىلىقمۇ ئىشارەت قىلالمىسا، نىيەت قىلىش ۋە سۆزلەش ئۇ كىشىگە كۇپايە قىلىدۇ. دېمەك، ئىلگىرىكى دەلىللەرنىڭ سەۋەبىدىن ئەقلى-ھوشى بار كىشىدىن ھەر قانداق ھالەتتە ناماز ساقىت بولمايدۇ.

كېسەل كىشى قىيامدا تۇرۇش، ئولتۇرۇش، رۇكۇ قىلىش، سەجدە

---

[1] سۈرە بەقەرە 238 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە تەغابۇن 16 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىلىش ياكى ئىشارەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىلگىرى ئاجىز كەلگەن ئىشلارنىڭ قايسى بىرىنى ناماز ئوقۇۋاتقان ھالىتىدە قىلىشقا قادىر بولالىسا، قادىر بولغىنىنى قىلىدۇ، ئوقۇپ بولغىنىنى تولۇقلىمايدۇ.

كېسەل ياكى ئۇنىڭدىن باشقا كىشى ناماز ۋاقتىدا ئۇخلاپ قالغان ياكى ئۇنتۇپ قالغان بولسا، ئويغانغان ياكى ئېسىگە كەلگەن ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە ئۇ كىشىنىڭ نامازنى ئادا قىلىشى ۋاجىب بولىدۇ. ئۇ نامازنى ئەتىسى شۇ نامازنىڭ ۋاقتى كىرگۈچە كېچىكتۈرۈش دۇرۇس بولمايدۇ. بۇنىڭغا مۇنۇ ھەدىس دەلىلدۇر: «قال ﷺ: من نام عن صلاة أو نسيها فليصلها إذا ذكرها لا كفارة لها إلا ذلك. وتلا قوله: ﴿وَأَقِمِ الصَّلَاةَ لِذِكْرِي﴾» «پەيغەمبەر ﷺ: <كىمكى ناماز ۋاقتىدا ئۇخلاپ قالغان ياكى ئۇنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا ئۇنى ئېسىگە كەلگەندە ئوقۇسۇن، ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن باشقا كەففارەت يوق> دېگەن ۋە الله تائالانىڭ: ﴿وَأَقِمِ الصَّلَاةَ لِذِكْرِي﴾ <مېنى زىكىر قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن>[1] دېگەن ئايىتىنى تىلاۋەت قىلغان».[2]

ھەر قانداق ئەھۋالدا نامازنى تەرك ئېتىش دۇرۇس ئەمەس، بەلكى شەرىئەتكە تەكلىپ قىلىنغان (يەنى بالاغەتكە يەتكەن) كىشىنىڭ كېسەل كۈنلىرىدە ساق كۈنلىرىدىكىدىنمۇ بەكرەك نامازغا ھېرىسمەن بولۇشى ۋاجىبتۇر. گەرچە كېسەل كىشى بولسىمۇ لېكىن ئەقلى ـ ھوشى جايىدا بولىدىكەن، پەرز نامازنى ۋاقتى چىقىپ كەتكەنگە قەدەر تەرك ئېتىشى دۇرۇس ئەمەس، بەلكى تاقىتىنىڭ يېتىشىچە ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىشى ۋاجىبتۇر.

[1] سۈرە تاھا 14 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

ئىبادەتكە تەكلىپ قىلىنىشقا بىر كىشى ئەقلى ـ ھوشى جايىدا ھەمدە ئىشارەت ئارقىلىق بولسىمۇ نامازنى ئادا قىلالايدىغان تۇرۇپ، نامازنى قەستەن تەرك ئەتكەن بولسا گۇناھكار بولىدۇ.

بىر بۆلۈك ئىلىم ئەھلىلىرى نامازنى قەستەن تەرك ئەتكەن كىشىنى كاپىر بولىدۇ دەپ قارايدۇ. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «العهد الذي بيننا وبينهم الصلاة، فمن تركها فقد كفر» «بىز بىلەن ئۇلارنىڭ (يەنى كاپىرلارنىڭ) ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نامازدۇر، كىمكى نامازنى تەرك ئەتسە كاپىر بولىدۇ».① پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دېگەن: «رأس الأمر الإسلام، وعموده الصلاة، وذروة سنامه الجهاد في سبيل الله» «ئىشنىڭ بېشى ئىسلام، تۈۋرۈكى ناماز، چوققىسى الله يولىدىكى جىھادتۇر».②

ئەگەر كېسەل كىشىگە ھەربىر نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىش مۇشەققەت بولسا پېشىن نامىزى بىلەن ئەسىر نامىزىنى، شام نامىزى بىلەن خۇپتەن نامىزىنى قۇلاي بولغىنىچە ئالدىغا ۋە كەينىگە تارتىپ جەملىسە بولىدۇ. خالىسا ئەسىر نامىزىنى ئالدىغا تارتىپ پېشىن نامىزى بىلەن بىللە ئوقۇيدۇ، خالىسا پېشىن نامىزىنى ئارقىغا تارتىپ ئەسىر نامىزى بىلەن بىللە ئوقۇيدۇ؛ خالىسا خۇپتەن نامىزىنى ئالدىغا تارتىپ شام نامىزى بىلەن بىللە ئوقۇيدۇ، خالىسا شام نامىزىنى ئارقىغا تارتىپ خۇپتەن نامىزى بىلەن بىللە ئوقۇيدۇ. ئەمما بامدات نامىزىنى ئۆزىنىڭ ۋاقتىدا ئوقۇيدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ۋاقتى ئۆزىدىن ئىلگىركى ۋە

---

① ئەھمەد ۋە تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② ئەھمەد ۋە تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

كېيىنكى نامازلار بىلەن جەملەنمەيدىغان ئايرىم ۋاقىتتۇر. مانا بۇ كېسەل كىشىنىڭ تاھارىتى ۋە نامىزىغا ئالاقىدار بەزى ھۆكۈملەردۇر.

الله تائالادىن مۇسۇلمانلارنىڭ كېسەللىرىگە شىپالىق بېرىشىنى، ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى كەچۈرۈشىنى، ھەممىمىزگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سالامەتلىكنى ئېھسان قىلىپ بېرىشىنى سورايمەن! ھەقىقەتەن الله تائالا سېخىي ۋە كەرەملىك زاتتۇر.

الله تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ۋە بارلىق ساھابىلىرىگە رەھمەت قىلسۇن!

# دوختۇرخانىدىكى بىمارلار ۋە خىزمەتچىلەرگە مۇناسىۋەتلىك پەتىۋالار

## كىرىش سۆز

شۈبھىسىزكى، بارلىق ھەمدۇ ـ سانالار اللە قا خاستۇر! ئۇ زاتتىن ياردەم ۋە مەغپىرەت تىلەيمىز، نەپسىمىزنىڭ شەررىدىن ۋە ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىقىدىن اللە قا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. اللە تائالا ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىم ئازدۇرالمايدۇ ۋە اللە تائالا ئازدۇرغان كىشىنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر اللە تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە ـ يېگانىدۇر، ھېچ شېرىكى يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ﷺ اللە نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.

مەقسەتكە كەلسەك، ئى ئوقۇرمەن قېرىنداشىم! قولىڭىزدىكى بۇ رىسالە پەزىلەتلىك شەيخ ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى باز (رەھىمەھۇللاھ) نىڭ دوختۇرخانىدىكى بىمارلار، دوختۇرلار ۋە سېستىرالارغا بەرگەن پەتىۋالىرى بولۇپ،[1] اللە تائالادىن بۇنى

[1] بۇ بولسا پەزىلەتلىك شەيخنىڭ ھىجرىيە 1410 ـ يىلى رەجەب ئېيىدا مەككە مۇكەررەمەدىكى نۇر دوختۇرخانىسىدا سۆزلىگەن «مۇسۇلمان دوختۇرغا سۆز» ناملىق لېكسىيەسىنىڭ ئاخىرىدا تاشلانغان سوئاللارنىڭ پەتىۋالىرى بولۇپ، بۇ پەتىۋالارنى مەككە مۇكەررەمەدىكى پادىشاھ

مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەتلىك قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۆز رازىلىقى ئۈچۈن خالىس قىلىپ بېرىشنى سورايمەن! اللە تائالا (دۇئالارنى) ئاڭلىغۇچى ۋە ئىجابەت قىلغۇچى زاتتۇر! اللە تائالا مۇھەممەد ﷺ گە، ئۇ زاتنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا ۋە بارلىق ساھابىلىرىگە رەھمەت قىلسۇن!

1 ـ سوئال: كېسەل كىشىنىڭ ئوپېراتسىيىدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ بولغۇچە بىھوش ھالەتتە بولىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بىر قانچە سائەت ئاغرىق ئازابى تارتىدىغانلىقى ھەممىگە ئېنىق. شۇڭا ئوپېراتسىيە قىلدۇرىدىغان بىمار گەرچە نامازنىڭ ۋاقتى كىرمىگەن بولسىمۇ، ئوپېراتسىيىگە كىرىشتىن بۇرۇن نامازنى ئوقۇۋالامدۇ ياكى بىر كۈن ھەتتا ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق ۋاقىت سوزۇلۇپ كەتسىمۇ، ھېس ـ تۇيغۇلىرى ئەسلىگە كېلىپ نامازنى ئادا قىلالىغۇدەك بولغانغا قەدەر كېچىكتۈرسە بولامدۇ؟

جاۋاب: بۇ مەسىلىدە ئالدى بىلەن دوختۇر كېسەلنىڭ ئەھۋالىغا قارىشى كېرەك. مەسىلەن، ئەگەر پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتى كىرگەنگە قەدەر ئوپېراتسىيىنى كېچىكتۈرۈش مۇمكىن بولسا، كېسەل كىشى پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتى كىرگەندە پېشىن نامىزىنى ئەسىر نامىزى بىلەن جەملەپ ئوقۇۋالىدۇ. كېچىدىمۇ ھەم شۇنداق بولۇپ، ئوپېراتسىيە باشلاشتىن ئىلگىرى قۇياش پاتقان بولسا شام نامىزىنى خۇپتەن نامىزى بىلەن جەملەپ ئوقۇۋالىدۇ.

---

ئابدۇلئەزىز دوختۇرخانىسىدىكى مۇئەۋۋىز ئائىز لىھيانى ھىجرىيە 1413 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنلىرى تويلىغان.

ئەمما ئوپېراتسىيە چاشگاھ ۋاقتىدا باشلانغان بولسا، كېسەل كىشى بۇنىڭدا ئۆزرىلىكتۇر. گەرچە ئۇ بىر-ئىككى كۈندىن كېيىن ھوشىغا كەلسىمۇ، ھوشىغا كەلگەن ۋاقىتتا ئۇستىدىكى قېلىپ قالغان نامازنى ئادا قىلىدۇ، ئۇ كىشىگە ئۇخلاپ قالغان كىشىگە ئوخشاش ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.

ئەگەر كېسەل كىشى ھوشىغا كېلىپ ھېس-تۇيغۇلىرى نورماللاشسا، ئۆتۈپ كەتكەن نامازلىرىنى تەرتىپ بويىچە ئوقۇيدۇ. مەسىلەن، نامازنىڭ تەرتىپى بويىچە، ئۇستىدە قېلىپ قالغان پېشىن نامىزىنى ئاندىن ئەسىر نامىزىنى ئوقۇيدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق ھەدىس كەلگەن: «قال ﷺ: من نام عن صلاة أو نسيها فليصلها إذا ذكرها لا كفارة لها إلا ذلك» «پەيغەمبەر ﷺ: <كىمكى ناماز ۋاقتىدا ئۇخلاپ قالغان ياكى ئۇنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا ئۇنى ئېسىگە كەلگەندە ئوقۇسۇن، ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن باشقا كەففارەت يوق> دېگەن».[1]

كېسەل ياكى داۋالاش سەۋەبلىك بىھوش بولغان كىشىنىڭ بىھوش بولغان ۋاقتى ئۈچ كۈندىن ئېشىپ كەتمىگەنلا بولسا، ئۇخلاپ قالغان كىشىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش بولىدۇ. ئەگەر بىھوش بولغان ۋاقتى ئۈچ كۈندىن ئېشىپ كەتسە ئوقۇيالمىغان نامازلىرىنى ئادا قىلىش ساقىت بولىدۇ. ئۇ كىشى ئەقلى-ھوشى ئەسلىگە كەلگەنگە قەدەر ساراڭنىڭ ھۆكمىدە بولۇپ، ئەقلى-ھوشى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ناماز ئوقۇشنى باشلايدۇ. بۇنىڭغا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنۇ سۆزى دەلىلدۇر: «رفع

[1] مۇسلىم توپلىغان.

القلم عن ثلاثة، عن الصبي حتى يبلغ، وعن النائم حتى يستيقظ وعن المجنون حتى يفيق» «قەلەم ئۈچ تۈرلۈك كىشىدىن كۆتۈرۈلدى: نارەسىدە بالىدىن بالاغەتكە يەتكۈچىلىك، ئۇخلاپ قالغۇچىدىن ئويغانغۇچىلىك، ساراڭدىن ئەقلىگە كەلگۈچىلىك».[1] ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ نارەسىدە بالا ۋە ساراڭ كىشىنى نامازنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى تىلغا ئېلىنمىغان، بەلكى ئۇخلاپ قالغان ياكى ئۇنتۇپ قالغان كىشىنى نامازنىڭ قازاسىنى قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. الله تائالا توغرىغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

2ـ سوئال: مەن ئۆزۈم تاھارەت ئالالمايمەن، يېنىمدا ماڭا ياردەملىشىدىغان كىشىمۇ يوق. دوختۇرخانىدىكى تام، يەر ۋە سېلىنچىلارنى ھەر كۈنى تازىلايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ تەيەممۇم قىلسام بولامدۇ؟

جاۋاب: ئەگەر كېسەل كىشىنىڭ يېنىدا ئۇنى تاھارەت ئالدۇرۇپ قويىدىغان كىشى بولمىسا، ئۆزى ھەم تاھارەت ئالالمىسا، بۇنداق ئەھۋالدا تەيەممۇم قىلىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنْ كُنْتُمْ مَرْضَى أَوْ عَلَى سَفَرٍ أَوْ جَاءَ أَحَدٌ مِنْكُمْ مِنَ الْغَائِطِ أَوْ لَامَسْتُمُ النِّسَاءَ فَلَمْ تَجِدُوا مَاءً فَتَيَمَّمُوا صَعِيدًا طَيِّبًا فَامْسَحُوا بِوُجُوهِكُمْ وَأَيْدِيكُمْ مِنْهُ﴾ «ئەگەر كېسەل بولساڭلار (سۇ زىيان قىلىدىغان بولسا)، ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (سۇ تاپالمىساڭلار)، ياكى سىلەرنىڭ بىرسىڭلار ھاجەتخانىدىن كەلگەن (يەنى تاھارەت سۇندۇرغان) بولساڭلار، ياكى ئاياللىرىڭلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن

[1] ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى توپلىغان، ھاكىم «سەھىھ» دېگەن.

(غۇسلى تاھارەت ئۈچۈن) سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراققا تەيەممۇم قىلىڭلار. ئۇنىڭ بىلەن يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارغا مەسھى قىلىڭلار»[1]. سۇ ئىشلىتەلمەيدىغان ۋە تەيەممۇم قىلالمايدىغان كىشى ئۆزرىلىك ھېسابلىنىپ، ناماز ۋاقتى كىرگەندە تاھارەتسىز ۋە تەيەممۇمسىز ناماز ئوقۇيدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَاتَّقُوا اللَّهَ مَا اسْتَطَعْتُمْ﴾ «تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە الله قا تەقۋادارلىق قىلىڭلار»[2].

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنۇ سۆزى ھەم بۇنىڭغا دەلىلدۇر: «ما نهيتكم عنه فاجتنبوه وما أمرتكم به فأتوا منه ما استطعتم» «مەن سىلەرنى چەكلىگەن ئىشتىن يىراق تۇرۇڭلار، مەن سىلەرنى بۇيرۇغان ئىشنى تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئورۇنداڭلار» .[3]

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بەزى سەپەرلىرىدە بىر قىسىم ساھابىلەر تاھارەتسىز ۋە تەيەممۇمسىز ناماز ئوقۇغان، پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىنى ئىنكار قىلمىغان ئىدى. بۇ ئىش ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ بويۇنچىسى يۈتۈپ كەتكەن سەپەردە يۈز بەرگەن بولۇپ، بەزى ساھابىلەر پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇنى ئىزدەشكە بېرىپ ئۇنى تاپالمىدى. نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەندە ئۇلار تاھارەتسىز بولۇپ، ئۇ چاغدا تېخى تەيەممۇم يولغا قويۇلمىغان ئىدى. ئاندىن مۇشۇ ئىش سەۋەبلىك تەيەممۇم ھەققىدىكى ئايەت نازىل بولۇپ، تەيەممۇم يولغا قويۇلدى. شۇڭلاشقا مانا بۇنداق ۋاقىتتا تەيەممۇم قىلىش ۋاجىبتۇر. شۇڭا كىسەل

---

[1] سۈرە مائىدە 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە تەغابۇن 16 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

كىشى سۇ ئىشلىتىشكە قادىر بولالمىسا ياكى يېنىدا تاھارەت ئالدۇرۇپ قويىدىغان كىشىمۇ بولمىسا، بىر قاچىدا پاك تۇپراق ئەكەلدۇرۇپ شۇ تۇپراقتا تەيەممۇم قىلىشى ۋاجىبتۇر. بۇنداق قىلىش — تاھارەتكە كۇپايە قىلىدىغان بولۇپ، بۇ ئىشقا سەل قاراش دۇرۇس ئەمەس. بەلكى بارلىق دوختۇرخانىلار بۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

كېسەل كىشىنىڭ تاھارەت ئېلىش ۋە تەيەممۇم قىلىشتىن ئىلگىرى چوڭ-كىچىك تەرىتىنى ئىستىنجا قىلىش[1] ياكى ئىستىجمار قىلىش[2] ئارقىلىق (تازىلىشى) ۋاجىبتۇر. سۇ ئىشلىتىش شەرت ئەمەس، بەلكى قەغەز، تاش، تۇپراق، چالما، ياغاچ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن تاكى نىجاسەت يوقىغانغا قەدەر پاكىزلىسا كۇپايە قىلىدۇ، لېكىن ئۈچ قېتىم تازىلاش ۋاجىب. ئەگەر ئۈچ قېتىم سۈرۈتۈش بىلەن پاكىزلانمىسا، تاكى پاكىزلانغانغا قەدەر تازىلاش ۋاجىبتۇر. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «من استجمر فليوتر» «ئىستىجمار قىلغان كىشى تاق قىلسۇن».[3]

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسى بۇنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ: «ونهانا أن يستنجى أحدنا بأقل من ثلاثة أحجار» «پەيغەمبەر ﷺ بىزنى ئۈچتىن ئاز تاش بىلەن تازىلاشتىن توستى».[4] پەيغەمبەر ﷺ يەنە: «نهى أن يستنجى بعظم أو روث ، وقال إنهما لا يطهران» «سۆڭەك ۋە تېزەك بىلەن

---

[1] ئالدى ۋە ئارقا تەرەت يولىدىن چىققان پاسكىنا نەرسىلەرنى سۇ بىلەن تازىلاش.
[2] ئالدى ياكى ئارقا تەرەت يولىدىن چىققان پاسكىنا نەرسىلەرنى تاش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن تازىلاش.
[3] ئەھمەد توپلىغان.
[4] مۇسلىم توپلىغان.

پاكىزلاشتىن توسقان ۋە <ئۇ ئىككىسى پاكلىيالمايدۇ> دېگەن».[1]

3ـ سوئال: ئەگەر بىر قولۇمدا ياكى ھەر ئىككى قولۇمدا گىپىس بولسا ياكى ئۇ ئىككىسىدە سۇ زىيان قىلىدىغان جاراھەت بولسا قانداق تەيەممۇم قىلىمەن؟ تەيەممۇم بىلەن تاھارەتتىكى يۇزنىڭ دائىرىسى ئوخشاشمۇ؟

جاۋاب: شۇنداق. تەيەممۇم بىلەن تاھارەتتىكى يۇزنىڭ دائىرىسى ئوخشاش. يۇزنى تۇپراق بىلەن (يەنى قولنى تۇپراققا بىر ئۇرۇپ، قولى بىلەن) پېشانىنىڭ ئۇستى تەرىپىدىن ساقالغىچە، بىر قۇلاقتىن يەنە بىر قۇلاققىچە سىلايدۇ. ئىككى قولنىڭ ئىچى ۋە سىرتىنى بېغىشىدىن تارتىپ بارماقلىرىنىڭ ئۇچىغىچە سىلايدۇ، ئەگەر ئىككى قولىدا گىپىس بولسا، گىپس ئۇستىگە ياكى (ئوچۇق) جاراھەت بولسا ئىككى قول ئۇستىگە مەسھى قىلىدۇ.

ئەگەر ئىككى قولنىڭ بىرى ساق بولۇپ يەنە بىرىدە (ئوچۇق) جاراھەت بولسا ياكى گىپىس بولسا، ساق قولنى يۇيۇپ، جاراھەت بار قولغا ياكى گىپىس ئۇستىگە سۇ بىلەن مەسھى قىلىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك، ئىككى قولى ياكى ئىككى قولنىڭ بىرى داكا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن تېڭىلغان بولۇپ ئۇنىڭغا سۇ زىيان قىلىدىغان بولسا تەيەممۇم قىلىنىدۇ.

4ـ سوئال: ئەر سېستىرالار بار تۇرۇپ، ئەر كىشىگە ئايال كىشى سېستىرالىق قىلسا دۇرۇس بولامدۇ؟

جاۋاب: بارلىق دوختۇرخانىلاردا ئەرلەر ئۇچۇن ئەر سېستىرالار،

---

[1] ئەبۇ ئەھمەد ۋە ئىبنى ئەدىي توپلىغان.

ئاياللار ئۈچۈن ئايال سېستىرالار بولۇشى كېرەك. شۇنداقلا «جىددىي زۆرۈرىيەت» تىن باشقا ۋاقىتلاردا ئەرلەر ئۈچۈن ئەر دوختۇرلار، ئاياللار ئۈچۈن ئايال دوختۇرلار بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئايال كىشىنىڭ پەقەت ئەر دوختۇرلا بىلەلەيدىغان كېسىلى بولۇپ قالسا، «زۆرۈرىيەت» سەۋەبىدىن ئەر كىشىنىڭ ئايال كىشىنى داۋالىشى دۇرۇس بولىدۇ. شۇنىڭدەك، ئەر كىشىنىڭ پەقەت ئايال دوختۇرلا بىلەلەيدىغان كېسىلى بولۇپ قالسا، ئايال كىشىنىڭ ئەر كىشىنى داۋالىشى ھەم دۇرۇس بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئەرلەر ئۈچۈن چوقۇم ئەر دوختۇر، ئاياللار ئۈچۈن چوقۇم ئايال دوختۇر بولۇشى كېرەك. پىتنە ۋاسىتىلىرىنى ئۈزۈش ۋە نامەھرەملەر بىلەن خالىي قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئەرلەر ئۈچۈن چوقۇم ئەر سېستىرالار، ئاياللار ئۈچۈن چوقۇم ئايال سېستىرالارنىڭ بولۇشى ۋاجىب بولىدۇ.

5 ـ سوئال: سۈيدۈك خالتىسى سېلىنغان بىمار قانداق تاھارەت ئالىدۇ ۋە قانداق ناماز ئوقۇيدۇ؟

جاۋاب: سۈيدۈك خالتىسى سېلىنغان بىمار خۇددى سۈيدۈك تامچىلاش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كىشى ۋە ئىستىھازە كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئايالغا ئوخشاش بولۇپ، سۈيدۈك خالتىسى سېلىنغان بىمار ناماز ۋاقتى كىرسە شۇ ھالىتىدە ناماز ئوقۇۋېرىدۇ. ئەگەر سۇ ئىشلىتىشكە قادىر بولالمىسا تەيەممۇم قىلىدۇ. ناۋادا سۇ ئىشلىتىشكە قادىر بولالىسا سۇ بىلەن تاھارەت ئېلىشى ۋاجىب بولىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَاتَّقُوا اللَّهَ مَا اسْتَطَعْتُمْ﴾ «تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە الله قا

تەقۋادارلىق قىلىڭلار»[1].

تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن چىققان نەرسە ئۇ كىشىنىڭ نامىزىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ لېكىن ھەر بىر ۋاق ناماز ئۈچۈن ناماز ۋاقتى كىرگەندىن كېيىن بىر قېتىم تاھارەت ئالىدۇ، چۈنكى ئۇ كىشى مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇردۇر. سۈيدۈك تامچىلاش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىمار گەرچە شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئەۋرىتىدىن سۈيدۈك چىقىۋاتقان بولسىمۇ ناماز ئوقۇۋېرىدۇ. ئىستىھازە كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئايالمۇ شۇنداق بولۇپ، گەرچە قان ئۈزۈن مۇددەت چىققان بولسىمۇ ئۇ ئايال شۇ ھالەتتە ناماز ئوقۇۋېرىدۇ، لېكىن دائىم تاھارەتسىز بولغانلىقى ئۈچۈن پەقەت ناماز ۋاقتى كىرگەندىلا تاھارەت ئالىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ ئىستىھازە كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىر ئايالغا مۇنداق دېگەن: «توضئي لوقت كل صلاة» «ھەر بىر ۋاق نامازغا ناماز ۋاقتى كىرگەندە تاھارەت ئېلىڭ»[2].

دېمەك، سۈيدۈك تامچىلاش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىمار، ئىستىھازە كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئايال ۋە يۇقىرىدا سورالغان سۈيدۈك خالتىسى سېلىنغان بىمارلارنىڭ ھەممىسى مەيلى پەرز ياكى نەپلە بولسۇن، بارلىق نامازلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇۋېرىدۇ، قۇرئان ئوقۇيدۇ ۋە شۇ ھالەتتە مەككىدە بولسا كەئبىنى تاۋاپ قىلىدۇ. ئەگەر ناماز ۋاقتى چىقىپ كەتسە شۇ قىلىۋاتقان ئىشلاردىن توختايدۇ، ھەتتا يەنە بىر نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەندە ئاندىن تاھارەت ئالىدۇ. الله تائالا توغرىغا

---

[1] سۈرە تەغابۇن 16 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

6 ـ سوئال: كىيىمىدە قان يۇقى بار كىشى شۇ كىيىمىدە ناماز ئوقۇسا بولامدۇ ياكى پاكىز كىيىم تېپىلىپ بولغۇچە ساقلاپ تۇرامدۇ؟

جاۋاب: ئەگەر ئۇ كىشىگە ناماز ۋاقتى چىقىپ كېتىشتىن ئىلگىرى قان يۇقىنى يۇيۇش ۋە ياكى پاك كىيىمگە ئالماشتۇرۇش مۇمكىنچىلىكى بولمىسا، ئۇ كىشى شۇ ھالىتىدە ناماز ئوقۇۋېرىدۇ، نامازنىڭ ۋاقتى چىقىپ كېتىدىغان دەرىجىدە ساقلاپ تۇرمايدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَاتَّقُوا اللَّهَ مَا اسْتَطَعْتُمْ﴾ «تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە الله قا تەقۋادارلىق قىلىڭلار»[1] .

مۇسۇلمان كىشىنىڭ قادىر بولالىسا قان يۇقى كىيىمنى يۇيۇشى، نىجاسەت بار كىيىمنى پاك كىيىمگە ئالماشتۇرۇشى ۋاجىب. ئەگەر قادىر بولالمىسا شۇ ھالىتىدە ناماز ئوقۇۋېرىدۇ ۋە نامازنى قايتا تولۇقلىمايدۇ. بۇنىڭغا ئىلگىرىكى ئايەت دەلىلدۇر. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنۇ سۆزىمۇ بۇنىڭغا دەلىلدۇر: «ما نهيتكم عنه فاجتنبوه وما أمرتكم به فأتوا منه ما استطعتم» «مەن سىلەرنى چەكلىگەن ئىشتىن يىراق تۇرۇڭلار، مەن سىلەرنى بۇيرۇغان ئىشنى تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە ئورۇنداڭلار»[2] .

7 ـ سوئال: دوختۇرخانىنىڭ بەزى ئايال خىزمەتچىلىرى ئۆزئارا پاراڭلاشقاندا ياكى ئەر خىزمەتداشلىرى بىلەن پاراڭلاشقاندا ئاۋازى كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. بەزىلىرى ئەر دوختۇرلار ۋە باشقا ئەرلەر بىلەن قول

---

[1] سۈرە تەغابۇن 16 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ. بۇنداق قىلىشىنىڭ شەرىئەتتىكى ھۆكمى نېمە؟ بۇنىڭغا سۈكۈت قىلساق بىزگە گۇناھ بولامدۇ؟

جاۋاب: ئەر ـ ئايال دوختۇرلار بىمارلارنىڭ ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۇلارنىڭ يېنىدا يۇقىرى ئاۋازدا پاراڭلاشماسلىقى ۋە باشقا ئورۇنلاردا پاراڭلىشىشى كېرەك.

قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئەر كىشىنىڭ ئۆز مەھرەملىرىدىن باشقا ئايال كىشىلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشى دۇرۇس ئەمەس. ئايال دوختۇرلار ۋە سېستىرالارنىڭمۇ ئۆزىگە مەھرەم بولمىغان ئەر كىشىلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشى دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «إني لا أصافح النساء» «مەن ئاياللار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەيمەن».[1]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «لا والله ما مست يد رسول الله ﷺ يد امرأة قط، غير أنه يبايعهن بالكلام» «الله بىلەن قەسەمكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قولى ھېچبىر ئايالنىڭ قولىغا قەتئىي تېگىپ باقمىغان. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاياللاردىن پەقەت سۆز بىلەن بەيئەت ئالغان ئىدى».[2] شۇڭا ئايال كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ مەھرەملىرى ھېسابلانمايدىغان دوختۇر، مۇدىر، بىمار ۋە ئۇلاردىن باشقا ئەر كىشىلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشى دۇرۇس بولمايدۇ، ئۇلارغا ياخشى سۆز قىلىدۇ، سالام قىلىدۇ، بىراق قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەيدۇ ۋە يۈزىنى ئاچمايدۇ. ئايال كىشى بېشى ۋە بەدىنىنى يۆگەيدۇ ھەمدە يۈزىنى نىقاب

---

[1] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[2] مۇسلىم توپلىغان.

بىلەن بولسىمۇ ياپىدۇ، چۈنكى ئايال كىشى ئەۋرەت ۋە پىتنىدۇر. ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذَا سَأَلْتُمُوهُنَّ مَتَاعًا فَاسْأَلُوهُنَّ مِنْ وَرَاءِ حِجَابٍ ذَٰلِكُمْ أَطْهَرُ لِقُلُوبِكُمْ وَقُلُوبِهِنَّ﴾ «سىلەر پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىدىن بىر نەرسە سوراپ (ئالماقچى) بولساڭلار، پەردە ئارقىسىدىن سوراپ ئېلىڭلار، مۇنداق قىلىش سىلەرنىڭ دىللىرىڭلارنىمۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنىمۇ ئەڭ پاك تۇتىدۇ»[1].

ﷲ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا لِبُعُولَتِهِنَّ أَوْ آبَائِهِنَّ﴾ «(تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا) زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن ۋە ئاتىلىرىدىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن»[2].

باش ۋە يۈز ئەڭ چوڭ زىننەتتۇر. شۇنىڭدەك ئايال كىشىنىڭ قول ۋە پۇتىدىكى زىبۇ ـ زىننەتلەر ياكى بوياقلارنىڭ ھەممىسى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىككى ئايەتنىڭ ھۆكمى بويىچە پىتنىگە سەۋەب بولىدۇ. مەقسەت، ئايال كىشىنىڭ ھەممە يېرى ئەۋرەت بولۇپ. شۇڭا ئايال كىشىنىڭ ئورۇنۇشى ۋە پىتنىگە سەۋەب بولىدىغان قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشكە ئوخشاش ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشى ۋاجىبتۇر.

8 ـ سوئال: دوختۇرخانىدىكى بەزى ئايال دوختۇرلار، سېستىرا ئاياللار ۋە تازىلىق ئىشچىلىرى تار كىيىملەرنى كىيىپ بويۇن، بىلەك ۋە پاچاقلىرى ئوچۇق يۈرىدۇ. بۇنداق قىلىشنىڭ شەرئىيەتتىكى ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: دوختۇر، سېستىرا ياكى تازىلىق خىزمىتى قىلىدىغان

[1] سۈرە ئەھزاب 53 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە نۇر 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئاياللارنىڭ پىتنە سەۋەبلىرىدىن چەكلىنىپ، ﷲ قا تەقۋالىق قىلىش يۈزىسىدىن بەدەن ئەزالىرىنى ياكى ئەۋرەتلىرىنى ئاشكارىلاپ قويمايدىغان كىيىملەرنى كىيىش ئارقىلىق شەرئەت كۆرسەتمىسىگە مۇۋاپىق يۈگىنىشى ۋاجىبتۇر. بۇنىڭغا يەتتىنچى سوئالنىڭ جاۋابىدا بايان قىلىنغان ئىككى ئايەت دەلىلدۇر. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنۇ سۆزى ھەم بۇنىڭغا دەلىلدۇر: «المرأة عورة» «ئايال كىشى ئەۋرەتتۇر».①

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنۇ سۆزى ھەم بۇنىڭغا دەلىلدۇر: «صنفان من أهل النار لم أرهما قوم معهم سياط كأذناب البقر يضربون بها الناس، ونساء كاسيات عاريات مائلات مميلات رءوسهن كأمثال أسنمة البخت المائلة، لا يدخلن الجنة ولا يجدن ريحها، وإن ريحها ليوجد من كذا وكذا» «دوزاخ ئەھلىدىن مەن تېخى كۆرۈپ باقمىغان ئىككى تۈرلۈك كىشى بار: بىرى، قوللىرىغا كالىنىڭ قۇيرۇقىدەك قامچىلارنى ئېلىۋېلىپ ئىنسانلارنى ئۇرىدىغان كىشىلەردۇر؛ يەنە بىرى، يالىڭاچتەك كىيىنگەن، ئۆزلىرىمۇ ئېزىپ باشقىلارنىمۇ ئازدۇرىدىغان، باشلىرىدىكى چاچلىرى تۆگىنىڭ لوكىسىدەك ساڭگىلاپ تۇردىغان ئاياللار بولۇپ، ئۇلار جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. جەننەتنىڭ پۇرىقى شۇنچە يىراق مۇساپىدىن پۇرايدىغان تۇرۇقلۇق، ئۇلار جەننەتنىڭ پۇرىقىنىمۇ پۇريالمايدۇ».② بۇ قاتتىق قورقۇتۇشتۇر.

قوللىرىدا قامچا بار كىشىلەرگە كەلسەك، ئۇلار كىشىلەرنى ناھەق

---

① تىرمىزى توپلىغان ۋە «ھەسەن سەھىھ» دېگەن.

② مۇسلىم توپلىغان.

ئۇرىدىغان ۋە كىشىلەرنىڭ ئىشلىرىغا ئىگە بولغان ساقچى، ئەسكەر ياكى ئۇلاردىن باشقا كىشىلەردۇر، ۋاجىب بولغىنى ــ ئۇرۇشقا تېگىشلىك كىشىلەرنى ئۇرۇشتۇر.

يالىڭاچتەك كىيىنگەن ئاياللارغا كەلسەك، ئۇلار بەدەنلىرىنى ياپالمايدىغان قىسقا ۋە نېپىز (تار) كىيىملەرنى كىيگەن ئاياللاردۇر، ئۇلار كۆرۈنۈشتە كىيىم كىيگەندەك قىلسىمۇ ئەمەلىيەتتە يالىڭاچتۇر، ئۇلارنىڭ باشلىرى، كۆكسىلىرى، پاچاقلىرى ياكى ئۇنىڭدىن باشقا يەرلىرىنى ئوچۇق قويۇشى بولسا يالىڭاچلىقنىڭ بىر تۈرىدۇر. شۇڭا، الله قا تەقۋالىق قىلىش يۈزىسىدىن بۇنداق ناچار ئەمەللەردىن ئېھتىيات قىلىش ۋە پەتنىگە سەۋەب بولۇشتىن يىراق تۇرۇش ئۈچۈن، ئايال كىشىنىڭ ئەرلەرنىڭ يېنىدا بەدىنىنى تولۇق يېپىشى ۋاجىب بولغىنىغا ئوخشاش، باشقا ئاياللارنىڭ ئۇلگە ئېلىشى ئۈچۈن، ئاياللار ئارىسىدىمۇ بەدىنىنى تولۇق ياپىدىغان كەڭرى كىيىملەرنى كىيىشى يولغا قويۇلغان. ئەر-ئايال دوختۇر، سېستىرا ۋە بىمارلارنىڭ الله قا تەقۋادارلىق قىلىشى ۋە بارلىق ھەقلەردە الله تىن قورقۇشى ۋاجىبتۇر. شۇنداقلا دوختۇر ۋە سېستىرا ئاياللارنىڭ بۇ ھەقتە الله تىن قورقۇشى ۋە پىتنە سەۋەبلىرىدىن يىراق تۇرۇپ بەدىنىنىڭ ھەممە جايلىرىنى تولۇق يېپىشى ۋاجىبتۇر. الله تائالا توغرا يولغا ھىدايەت قىلغۇچىدۇر.

9- سوئال: بەزى كېسەللەر ياتىقىدا تېلېۋىزور بار بولۇپ، بەزى بىمارلار تېلېۋىزور كۆرۈشنى خالايدۇ، يەنە بەزى بىمارلار تېلېۋىزور كۆرسە ئىچى سىقىلىپ بىئارام بولىدىغانلىقى ئۈچۈن تېلېۋىزور كۆرۈشنى خالىمايدۇ. شۇڭا بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟

جاۋاب: ئەگەر بىر ياتاقتا كۆپ بىمارلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تېلېۋىزور كۆرۈشنى خالىمايدىغان بىمارلار بار بولسا، پىتنىنى تۇگىتىپ قەلبلەرنى بىرلەشتۇرۇش ئۇچۇن ئۇلارنىڭ يېنىدا تېلېۋىزور قويماسلىق كېرەك.

ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەممىسى تېلېۋىزور كۆرۈشكە قىزىقسا پەقەت بىر شەرت بىلەن كۆرسە بولىدۇ. يەنى قۇرئان ۋە ئىلىم ئۆگىتىدىغان فىلىملەرنى ھەمدە ئۇنىڭدىن باشقا دىن ۋە دۇنيالىقىغا مەنپەئىتى تېگىدىغان فىلىملەرنى تۆۋەن ئاۋازدا كۆرسە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ناخشا-مۇزىكا ۋە ئويۇن-تاماشىغا ئوخشاش زىيىنى يېتىدىغان فىلىملەرنى تاقىۋېتىش كېرەك.

ئۇلارنىڭ تېلېۋىزور كۆرۈشنى پۈتۈنلەي تەرك ئېتىشى — ئەڭ ياخشى ۋە توغرا ئىشتۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئەڭ ياخشى بىلىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ۋە ئەزىيەت بېرىدىغان، گاھى ئۇيقۇ ۋە ئارام ئېلىشتىن توسىدىغان فىلىملەرنى كۆرۈشنى باشقىلاردىن تەلەپ قىلىشى دۇرۇس ئەمەس. شۇنىڭدەك، بەزى نادان كىشىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ كېسىلىگە پەرۋا قىلماي تېلېۋىزور كۆرۈشى ھەم دۇرۇس ئەمەس.

بىمارلارغا تېلېۋىزور قويۇپ بېرىشنىڭ بىمارلار ھەققىدە الله تىن قورقىدىغان، ئەگەر ئۇلار رازى بولسا ئۇلارغا مەنپەئىتى تېگىدىغان فىلىملەرنى قويۇپ بېرىدىغان؛ ئەگەر ئۇلار مەنپەئىتى تېگىدىغان فىلىملەرگە رازى بولمىسا، ئۇنى ئۆچۈرۈۋېتىدىغان ئىشەنچلىك بىر كىشىنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا بولۇشى تېخىمۇ لايىقتۇر.

10 ـ سوئال: ئەر ۋە ئاياللار ئارىلىشىپ مۇراسىم ئۆتكۈزۈشىنىڭ ۋە مۇزىكا بىلەن داۋالاشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ئارىلىشىپ مۇراسىم ئۆتكۈزۈشى دۇرۇس ئەمەس. بەلكى ئەرلەر مۇراسىمنىڭ پەقەت ئەرلەر ئۈچۈنلا بولۇشى، ئاياللار مۇراسىمنىڭ پەقەت ئاياللار ئۈچۈنلا بولۇشى ۋاجىب. ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ئارىلىشىشى ــ مۇنكەر ئىش بولۇپ، جاھىلىيەت ئەھلىنىڭ ئەمەلىدۇر. الله تائالا بىزنى ئۇنىڭدىن ساقلىسۇن!

مۇزىكا بىلەن داۋالاشقا كەلسەك، ئۇنىڭ ئاساسى يوق بەلكى ئۇ ــ ئەقىلسىزلەرنىڭ ئىشىدۇر. مۇزىكا ــ داۋا ئەمەس بەلكى كېسەلدۇر. ئۇ ئويۇن ـ تاماشا ئەسۋابلىرىنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ ھەممىسى قەلبنى كېسەل قىلىدۇ ۋە ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. مەنپەئەتلىك ۋە كۆڭۈللەرگە راھەت بېغىشلايدىغان داۋالاش ئۇسۇلى ــ كېسەللەرنىڭ قۇرئان، پايدىلىق ۋەز ـ نەسىھەت ۋە مەنپەئەتلىك ھەدىسلەرنى ئاڭلىشىدۇر.

مۇزىكا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كۆڭۈل ئېچىش ئۇسكۈنىلىرى بىلەن داۋالاش ــ باتىل ئادەتلەردىندۇر. ئۇ ــ كېسەل كىشىلەرنىڭ كېسىلىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدىغان ھەمدە قۇرئان، سۈننەت ۋە پايدىلىق ۋەز ـ نەسىھەتلەرنى ئاڭلاشنى ئازايتىۋېتىدىغان ئىشلاردىندۇر. لا حول ولا قوة إلا بالله!

11 ـ سوئال: دوختۇر بىمارغا بىرەر پەتىۋا بەرسە، بىمار ئۇ پەتىۋاغا ئەمەل قىلامدۇ ياكى بۇ ھەقتە ئالىملارغا مۇراجىئەت قىلىشى كېرەكمۇ؟

جاۋاب: بىمارنىڭ دوختۇرلار دېگەن شەرئىي ھۆكۈمدە ئالىملارغا

مۇراجىئەت قىلىشى زۆرۈر. چۈنكى، دوختۇرلارنىڭ ئىشى ئۆز ئىلمىغا ئائالاقىدار ئىشلاردا بولىدۇ. ھالبۇكى، شەرئىي ئىلمىنىڭمۇ ئۆز ئەھلى بار. شۇڭا بىمار تېلېفون قىلىش ياكى بىرەر ئادەمنى ئەۋەتىش ئارقىلىق ئىلىم ئەھلىگە مۇراجىئەت قىلغاندىن كېيىن پەتىۋاغا ئەمەل قىلىدۇ. دوختۇر ياكى ئۇنىڭدىن باشقا كىشىلەرنىڭ «مەن پالانى ئالىمدىن مۇنداق ئىش توغرىسىدا سورىغان ئىدىم، ئۇ ماڭا مۇنداق جاۋاب بەرگەن» دېگەنگە ئوخشاش ئىلمىسىز پەتىۋا بېرىشى دۇرۇس ئەمەس. قايسى بىر ئورۇن ياكى دوختۇرخانا ۋە ياكى شەھەردە تۇرۇۋاتقان دوختۇر بىمارلارغا پەتىۋا بېرىش ئۇچۇن (شەرئىي ھۆكۈمنى) بىلىشتە قىيىنىلىپ قالسا، شۇ مەسىلىلەرنى ئۆزى تۇرۇشلۇق شەھەرنىڭ ئالىملىرى ۋە قازىلىرىدىن سورىشى، ئىلمىسىز پەتىۋا بەرمەسلىكى كېرەك. چۈنكى دوختۇر شەرئىي ئىلىم ئەھلى ئەمەس، بەلكى دوختۇر پەقەت ئۆز كەسپىگە ئائالاقىدار بولغان ئىشلاردىن خەۋەر بېرىشى، شۇ ھەقتە ئىزدىنىشى ۋە نەسىھەت قىلىشى كېرەك.

12- سوئال: مەن ئەرلەر كېسەللىكلىرى بۆلۈمىدە ئىشلەيدىغان (ئەر) سېستىرا. مەن بىلەن بىر سېستىرا قىزمۇ شۇ بۆلۈمدە تاكى تاڭ ئاتقانغا قەدەر بىرلا ۋاقىتتا بىرگە ئىشلەيدۇ، بەزىدە پەقەت ئىككىمىزلا يالغۇز قالىمىز، بىز پىتنىگە چۈشۈپ قېلىشتىن قورقىمىز، بىز بۇ ھالەتنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشقان بولساقمۇ لېكىن ئۆزگەرتەلمىدۇق. بىزنىڭ مۇشۇ خىزمەتتىن باشقا كىرىم مەنبەيىمىز يوق. مۇشۇنداق ھالەتتە الله تائالادىن قورقۇپ خىزمىتىمىزنى تەرك ئېتەمدۇق؟ بىزگە توغرا كۆرسەتمە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

جاۋاب: دوختۇرخانا مەسئۇللىرىنىڭ بىر ئەر ۋە بىر ئايال سېستىرانى كېچىدە بىللە نۆۋەتچىلىككە ئورۇنلاشتۇرۇشى دۇرۇس ئەمەس، بەلكى بۇ ئېغىر خاتالىق، چوڭ جىنايەت ۋە پاھىشىگە چاقىرغانلىقتۇر. چۈنكى، بىر ئەر ۋە بىر ئايال بىر ئورۇندا يالغۇز قالسا شەيتانىنىڭ ئۇلارغا پاھىشە ۋە ئۇنىڭغا ۋاستە بولىدىغان ئىشلارنى چىرايلىق كۆرسىتىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. سەھىھ ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «لا يخلون رجل بامرأة فإن الشيطان ثالثهما» «بىر كىشى (مەھرىمى بولمىغان) بىر ئايال بىلەن خالىي تۇرمىسۇن، ئەگەر ئۇنداق قىلسا ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۈچىنچىسى شەيتان بولىدۇ».[1] سىزنىڭ خىزمىتىڭىز الله تائالا ھارام قىلغان ئىشقا ۋاستە بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇنداق ھالەتتە خىزمەت قىلىشىڭىز دۇرۇس ئەمەس، بەلكى سىزگە بۇ خىزمەتنى تەرك ئېتىش ۋاجىب. ئەگەر سىز الله ئۈچۈن بۇ خىزمەتنى تەرك ئەتسىڭىز الله سىزگە ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىسىنى بېرىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَن يَتَّقِ اللَّهَ يَجْعَل لَّهُ مَخْرَجًا ۝ وَيَرْزُقْهُ مِنْ حَيْثُ لَا يَحْتَسِبُ﴾ «كىمكى الله تىن قورقىدىكەن، الله ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ [2]. الله ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ»[2].

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَن يَتَّقِ اللَّهَ يَجْعَل لَّهُ مِنْ أَمْرِهِ يُسْرًا﴾ «كىمكى الله تىن قورقىدىكەن، الله ئۇنىڭ ئىشىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ»[3]. شۇنىڭدەك ئايال سېستىرامۇ ئەر كىشى بىلەن بىر ئورۇندا

---

[1] ئەھمەد توپلىغان.
[2] سۈرە تەلاق 2- ۋە 3- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە تەلاق 4- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يالغۇز قىلىشتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىشى، ئەگەر (ئەر كىشى بىلەن خالىي قالماسلىق) تەلىپى ئورۇندالمىسا خىزمەتتىن ئىستىپا سورىشى كېرەك. چۈنكى سىلەردىن ھەربىر كىشى الله تائالا ئۇنىڭغا ۋاجىب قىلغان ۋە ھارام قىلغان ئىشتىن سورىلىدۇ.

13 ـ سوئال: مەن كېسەل كۆرۈش ئۆيىدە ئىشلەيدىغان بىر (ئەر) دوختۇر، بۇ ئۆيدە مەن بىلەن بىر نەپەر سېستىرا قىزمۇ بىرگە ئىشلەيدۇ. كېسەل كۆرسىتىدىغان كىشى كەلگەنگە قەدەر ئارىمىزدا خىلمۇ ـ خىل تېمىدا پاراڭلار بولىدۇ. شەرىئەتنىڭ بۇ ھەقتىكى ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: بۇ مەسىلىنىڭ ھۆكمى ئالدىنقى سوئالنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر، سىزنىڭ (مەھرەمسىز) ئايال كىشى بىلەن خالىي قىلىشىڭىز دۇرۇس ئەمەس. بىر ئەر كىشىنىڭ دوختۇر ياكى سېستىرا بولسۇن، باشقا بىر (مەھرەمسىز) ئايال كىشى بىلەن مەيلى كېسەل كۆرۈش ئۆيى ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ئۆيدە خالىي تۇرۇشى ئىلگىرىكى ھەدىسنىڭ ھۆكمى بىلەن دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى، بۇ پىتنىگە سەۋەب بولىدۇ، بۇنىڭدىن پەقەت الله رەھىم قىلغان كىشىلەرلا ساقلىنىپ قالالايدۇ. شۇڭا ئەرلەرگە ئەرلەر كېسەل كۆرۈش ئۆيى ۋە ئاياللارغا ئاياللار كېسەل كۆرۈش ئۆيى بولۇشى كېرەك.

14 ـ سوئال: مەن كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بىر نامازنى كېيىنكى يەنە بىر نامازغا كېچىكتۈرۈپ جەملەپ ئوقۇيمەن. بۇنداق بولۇشى كېسەل بولۇمىدىكى ياكى كۆزىتىش ئۆيىدىكى خىزمەتنىڭ جىددىيلىكى سەۋەبىدىندۇر، يەنە شۇنىڭدەك، كېسەللەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ جۈمە نامىزىدىنمۇ ئايرىلىپ قالىمەن. مېنىڭ بۇنداق قىلىشىم توغرىمۇ؟

جاۋاب: نامازنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇش ۋاجىب. سىزنىڭ نامازنى ئۆز ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈشىڭىز دۇرۇس ئەمەس.

ئەمما جۈمە نامىزىغا كەلسەك، ئەگەر سىز نۆۋەتچى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش جۈمە نامىزى ئوقۇشقا ئىمكانىيىتى يوق كىشى بولسىڭىز، جۈمە نامىزى سىزدىن ساقىت قىلىنىدۇ. سىز كېسەل كىشىگە ئوخشاش پېشىن نامىزى ئوقۇيسىز. سىزنىڭ جۈمە نامىزىدىن باشقا نامازلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇشىڭىز ۋاجىب، ئىككى نامازنى جەملەپ ئوقۇشىڭىز دۇرۇس ئەمەس.

15 ـ سوئال: دوختۇرخانىنىڭ بەزى ئايال خادىملىرى چىرايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئۈپا ـ ئەڭلىك سۈركەپ كېلىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ بىلمەسلىكىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن. شەرىئەتنىڭ بۇ ھەقتىكى ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: ئەگەر ئۇلار ئەرلەر كۆرۈپ قالىدىغان ئايالLAR بولسا ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى دۇرۇس ئەمەس. ئەمما پەقەت ئايالLAR ئارىسىدىلا بولسا دۇرۇس. ئايال كىشىنىڭ يۈزىنى (مەھرەم ھېسابلانمايدىغان) ئەر كىشىدىن گەرچە نىقاب ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن بولسىمۇ يېپىشى ۋاجىب. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذَا سَأَلْتُمُوهُنَّ مَتَاعًا فَاسْأَلُوهُنَّ مِنْ وَرَاءِ حِجَابٍ ذَٰلِكُمْ أَطْهَرُ لِقُلُوبِكُمْ وَقُلُوبِهِنَّ﴾ «سىلەر پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىدىن بىر نەرسە سوراپ (ئالماقچى) بولساڭلار، پەردە ئارقىسىدىن سوراپ ئېلىڭلار، مۇنداق قىلىش سىلەرنىڭ دىللىرىڭلارنىمۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنىمۇ ئەڭ پاك تۇتىدۇ»[1]. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا يُبْدِينَ

[1] سۈرە ئەھزاب 53 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

زِينَتَهُنَّ إِلَّا لِبُعُولَتِهِنَّ أَوْ آبَائِهِنَّ أَوْ آبَاءِ بُعُولَتِهِنَّ أَوْ أَبْنَائِهِنَّ أَوْ أَبْنَاءِ بُعُولَتِهِنَّ أَوْ إِخْوَانِهِنَّ أَوْ بَنِي إِخْوَانِهِنَّ﴾ «(تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا) زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن، يا قېيىن ئاتىلىرىدىن، يا ئوغۇللىرىدىن، يا ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، يا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن»[①]. ئايەتتىكى زىننەت — يۈز، باش، قول، پۇت ۋە كۆكرەكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى زىننەت ھېسابلىنىدۇ.

16 ـ سوئال: پەزىلەتلىك شەيخ! چىش دوختۇرلۇق ساھەسىدە ئايال كىشىنىڭ ئەر كىشىنى داۋالىشى ھەققىدە كۆزقارىشىڭىز قانداق؟ بولۇپمۇ ئۆزى تۇرۇشلۇق شەھەردە چىش داۋالايدىغان ئەر دوختۇرلارنىڭ تولۇق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ شۇنداق قىلىشى دۇرۇسمۇ؟[②]

جاۋاب: چىش ساھەسىدە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ساھەلەردە بولسۇن، بىز ئەرلەرنى ئەرلەرنىڭ، ئاياللارنى ئاياللارنىڭ داۋالىشى ئۈچۈن، ئاياللارغا ئايال دوختۇرلار، ئەرلەرگە ئەر دوختۇرلارنىڭ بولۇشى ئۈچۈن كۆپ تىرىشىپ مەسئۇللارغا خىزمەت ئىشلىدۇق. بۇنداق قىلىش ۋاجىبتۇر. چۈنكى ئايال كىشى ئەۋرەت ۋە پىتنىدۇر، بۇ پىتنىدىن پەقەت الله تائالا رەھىم قىلغان كىشىلەرلا ساقلىنىپ قالالايدۇ. شۇڭا ئاياللار ئۈچۈن ئايال دوختۇرلارنىڭ، ئەرلەر ئۈچۈن ئەر دوختۇرلارنىڭ بولۇشى ۋاجىب. لېكىن جىددىي زۆرۈرىيەت بۇنىڭ سىرتىدا. ئەگەر ئەرلەر ئىچىدە بىر

---

[①] سۈرە نۇر 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[②] بۇ — پەزىلەتلىك شەيخ ھىجرىيە 1421 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى (دۈشەنبە كۈنى) مەككە مۇكەررەمىدىكى نۇر دوختۇرخانىسىدا سۆزلىگەن لېكسىيەسىنىڭ ئاخىرىدا تاشلانغان سوئاللارغا جاۋاب بەرگەندىكى پەتىۋالاردۇر.

كېسەل كىشى بولۇپ، بۇ كېسەلنى داۋالايدىغان ئەر دوختۇر بولمىسا ئايال كىشىنىڭ داۋالىشى دۇرۇس. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَدْ فَصَّلَ لَكُمْ مَا حَرَّمَ عَلَيْكُمْ إِلَّا مَا اضْطُرِرْتُمْ إِلَيْهِ﴾ «زۆرۈرىيەت بولمىغۇچە يېيىش ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى اللە سىلەرگە ئوچۇق بايان قىلغان تۇرسا»[1]. زۆرۈرىيەت بولمىسا ئەرلەر ئۈچۈن ئەر دوختۇرلارنىڭ ، ئاياللار ئۈچۈن ئايال دوختۇرلارنىڭ بولۇشى ۋە ئەرلەر بۆلۈمى ئايرىم، ئاياللار بۆلۈمى ئايرىم بولۇشى، ياكى ئەرلەرگە خاس بىر دوختۇرخانا، ئاياللارغىمۇ خاس بىر دوختۇرخانا بولۇشى ۋاجىب. شۇنداق بولغاندا ئاندىن بارلىق كىشىلەر پىتنىدىن ۋە زىيانلىق ئارىلىشىشلاردىن يىراق بولىدۇ. مانا بۇ ـــ بارلىق كىشىلەرگە ۋاجىبتۇر.

17ـ سوئال: مەن بىر دوختۇر. ئوقۇشۇمنى تولۇقلاش ئۈچۈن باشقا بىر دۆلەتكە ئەۋەتىلمەكچى بولدۇم، مەن ئەۋەتىلمەكچى بولغان شەھەر كۆپرى شەھىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئايالىم (ھىجابلىنالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ) مەن بىلەن بىرگە بېرىشقا قارشى تۇردى، ئايالىم ھىجابىنى قانداق مۇھاپىزەت قىلىدۇ؟ يۈزىنى ئېچىشى ھارامىمۇ؟ بىرەر شەھەرگە كىرىشتە يۈزىنى ئېچىش شەرت قىلىنسىچۇ؟

جاۋاب: مۇئمىن ئايالغا ھىجابلىنىش ۋە ئورۇنۇش ۋاجىب. چۈنكى، ئۇنىڭ يۈزىنى ياكى بەدىنىنىڭ بىرەر ئەزاسىنى ئېچىشى پىتنىدۇر. اللە تائالا بۇ ھەقتە بۈيۈك كىتابى قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذَا سَأَلْتُمُوهُنَّ مَتَاعًا فَاسْأَلُوهُنَّ مِنْ وَرَاءِ حِجَابٍ ذَلِكُمْ أَطْهَرُ لِقُلُوبِكُمْ وَقُلُوبِهِنَّ﴾ «سىلەر پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىدىن بىر نەرسە سوراپ (ئالماقچى) بولساڭلار، پەردە ئارقىسىدىن

[1] سۈرە ئەنئام 119ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سوراپ ئېلىڭلار، مۇنداق قىلىش سىلەرنىڭ دىللىرىڭلارنىمۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنىمۇ ئەڭ پاك تۇتىدۇ»[1].

الله تائالا ھىجابنىڭ قەلبلەرنى پاك تۇتىدىغانلىقىنى، ھىجابسىزلىقنىڭ بارلىق قەلبلەرگە يامانلىق تاشلايدىغانلىقىنى بايان قىلدى. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَاأَيُّهَا النَّبِيُّ قُلْ لِأَزْوَاجِكَ وَبَنَاتِكَ وَنِسَاءِ الْمُؤْمِنِينَ يُدْنِينَ عَلَيْهِنَّ مِنْ جَلَابِيبِهِنَّ ذَلِكَ أَدْنَى أَنْ يُعْرَفْنَ فَلَا يُؤْذَيْنَ﴾ «ئى پەيغەمبەر! ئاياللىرىڭغا، قىزلىرىڭغا ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئېيتقىنكى، پۈركەنجى بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن، بۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ (ھۆر ئاياللار ئىكەنلىكى) ئەڭ ئوڭاي تونۇلىدۇ-دە، باشقىلار ئۇلارغا چېقىلمايدۇ»[2].

جىلباب — ئايال كىشى ئادەتتىكى كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ ئۈستىگە كىيىپ يۈزى ۋە بەدىنىنى ياپىدىغان كىيىمدۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا لِبُعُولَتِهِنَّ أَوْ آبَائِهِنَّ أَوْ آبَاءِ بُعُولَتِهِنَّ أَوْ أَبْنَائِهِنَّ أَوْ أَبْنَاءِ بُعُولَتِهِنَّ أَوْ إِخْوَانِهِنَّ أَوْ بَنِي إِخْوَانِهِنَّ﴾ «(تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا) زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن، يا قېيىن ئاتىلىرىدىن، يا ئوغۇللىرىدىن، يا ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، يا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن»[3].

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئايەت ئومۇمىي بولغانلىقى ئۈچۈن، ئايال

[1] سۈرە ئەھزاب 53- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەھزاب 59- ئايەت.
[3] سۈرە نۇر 31- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

كىشىنىڭ ئۆز مەھرىمى بولمىغان يات ئەرلەردىن يۈزىنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئورۇنلىرىنى يېپىشى ۋاجىب. چۈنكى، يۈز ــ پىتنىدۇر ۋە ئايال كىشىدىكى ئەڭ روشەن زىننەتتۇر. لېكىن پەقەت بىر ياكى ئىككى كۆزى ئوچۇق تۇرىدىغان نىقاب بىلەن يۈزىنى ياپسا ئۇنىڭدىن چەكلەيدىغان ھېچبىر دەلىل يوق. ئايال كىشى مۆئمىن ئەر كىشىدىن ھىجابلانغان ۋە ئورانغان ئىكەن، گەرچە كاپىرلار ئىنكار قىلغان تەقدىردىمۇ كاپىردىن ھىجابلىنىشى تېخىمۇ زۆرۈردۇر. كاپىرلار ھىجابنى ئىنكار قىلىدۇ، ئۇلارغا بۇنىڭ ئىسلامدىكى بىر ئىبادەت ئىكەنلىكى بايان قىلىنغاندىن كېيىن بۇنى ئېتىراپ قىلىشىدۇ.

18 ـ سوئال: تۇغماسلىق ئۈچۈن بالىياتقۇنى ئېلىۋېتىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟ يەنى تېببىي ۋە تېخنىكىلىق ئۇسكۇنىلەر ئارقىلىق مۆلچەرلىگەن ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى تېببىي نەزەرىيە سەۋەبىدىن بالىلىق بولۇشنى چەكلەشنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: بۇنداق قىلىش زۆرۈرىيەت سەۋەبىدىن بولسا دۇرۇس، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئۇنى تەرك ئېتىش ۋاجىب، چۈنكى الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئۈممەتنىڭ كۆپىيىشى ئۈچۈن ئەۋلاد قالدۇرۇش سەۋەبلىرىگە بۇيرۇيدۇ. شۇنداقلا، شەرئىي مەنپەئەت سەۋەبىدىن ۋاقىتلىق بالىلىق بولۇشنى چەكلەش سەۋەبلىرىنى قوللىنىش ھەم دۇرۇس بولىدۇ.

19 ـ سوئال: قورساقتىكى بالا تولۇق ئىنسان شەكلىگە كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەيىبلىك ياكى مېيىپ ئىكەنلىكى بايقالسا، تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى ئۇنى چۈشۈرۈۋېتىش دۇرۇسمۇ؟

جاۋاب: بۇنداق قىلىش دۇرۇس ئەمەس بەلكى ئۇنى تەرك ئېتىش

ۋاجىب. الله تائالا ئۇنى ئۆزگەرتىپ بېرىشى مۇمكىن. بەزىدە دوختۇرلار نۇرغۇنلىغان تەھلىل ۋە گۇمانلارنى قىلىشىدۇ، لېكىن الله تائالا ئۇلارنىڭ گۇمانىنى يوققا چىقىرىپ بالا ساغلام ھالەتتە تۇغۇلىدۇ. الله تائالا بەندىلىرىنى كەڭرىچىلىك ۋە قىيىنچىلىق بىلەن سىنايدۇ.

قورساقتىكى بالىنى دوختۇرنىڭ مېيىپ دېگەنلىكى سەۋەبلىك چۈشۈرۈۋېتىش دۇرۇس ئەمەس بەلكى ئۇنى قالدۇرۇپ قويۇش ۋاجىب. الله قا ھەمدىلەر بولسۇنكى، ئەگەر بالا مېيىپ تۇغۇلۇپ بالىنىڭ ئاتا- ئانىسى ئۇنى تەربىيىلىسە ۋە ئۇنىڭغا سەۋر قىلسا، ئۇ ئىككىسىگە كاتتا ئەجىر بولىدۇ؛ ئەگەر ئۇنداق قىلالمىسا دۆلەتنىڭ تەربىيىلەش ئورۇنلىرىغا تاپشۇرۇپ بەرسە بولىدۇ. بەزىدە قورساقتىكى بالىنىڭ بەشىنچى ياكى ئالتىنچى ئايدىكى ۋاقتىلىرىدا دوختۇرلار ئۇنى مېيىپ دەپ گۇمان قىلىشىدۇ، كېيىن ئىشلار نورماللىشىپ الله ئۇنىڭغا شىپالىق بېرىپ مېيىپلىق سەۋەبلىرى يوقۇلۇپ كېتىدۇ.

20- سوئال: قوش جىنىسلىق كىشىگە ئاياللىق ئىپادىلىرى ئاشكارا بولمىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئاياللارنىڭ مۇئامىلىسى قىلىنامدۇ؟ ئىددەت تۇتۇش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلاردا ئۇنىڭغا ئاياللارغا ئالاقىدار بولغان بارلىق ئىشلار تەتبىقلىنامدۇ؟

جاۋاب: قوش جىنىسلىق كىشىنىڭ ئەھۋالىغا تەپسىلىي قارىلىدۇ. قوش جىنىسلىق كىشى ــ بالاغەتكە يېتىشتىن ئىلگىرى ئەر ياكى ئاياللىقى ئېنىق بولمىغان كىشىدۇر. ئۇنداق كىشىدە ئەرلىك ۋە ئاياللىق ئەزاسىنىڭ ھەر ئىككىلىسى بار بولۇپ، كۆپىنچە ھالەتتە بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ئەر ياكى ئايال ئىكەنلىكى ئېنىق بولىدۇ.

ئەگەر ئۇنىڭدا كۆكسىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ۋە ھەيزگە ئوخشاش ئاياللىقنى ئىپادىلەيدىغان ئالامەتلەر ئاشكارا بولسا ۋە ياكى ئاياللىق ئەزاسىدىن سىيىشكە ئوخشاش ئەرلەردىن پەرقلىنىدىغان ئالامەت ئاشكارا بولسا، ئۇنىڭغا ئايال كىشىنىڭ ھۆكمى بېرىلىدۇ ھەمدە ئىشەنچلىك دوختۇرنىڭ داۋالىشى بىلەن ئەرلىك ئەزاسى يوق قىلىنىدۇ؛ ئەگەر ئۇنىڭدىن ساقال چىقىش، ئەرلىك ئەزاسىدىن سىيىشكە ئوخشاش ئەرلىك ئالامەتلەرنىڭ بىرەرسى ئاشكارا بولسا، ئۇنىڭغا ئەر كىشىنىڭ مۇئامىلىسى قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئىش ئايدىڭلىشىپ بولغۇچە ساقلاش كېرەك. شۇڭا ئۇنىڭ ئەر ياكى ئايال ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىپ بولغۇچە ئۇنى ئۆيلەپ قويۇشقا بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئەر ياكى ئايال ئىكەنلىكى بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ئايدىڭلىشىدۇ. ئالىملار: «بۇنداق كىشىنىڭ ئىشى بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ئېنىق ئاشكارا بولىدۇ» دېگەن.

21ـ سوئال: مۇسۇلمان كىشىنىڭ بارماق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئارتۇق ئەزاسىدىن مۇئەييەن بىر ئەزانى كېسىشنىڭ ھۆكمى نېمە؟ كېسىۋېتىلگەن ئەزا تاشلاندۇق نەرسىلەر بىلەن تاشلىۋېتىلەمدۇ ياكى مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىغا كۆمۈلەمدۇ؟

جاۋاب: بۇنىڭ ھۆكمى كەڭرى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىنساننىڭ ھۆكمى بېرىلمەيدۇ. ئۇنى تاشلاندۇق نەرسىلەر ئارىسىغا تاشلىۋەتسىمۇ ياكى ھۆرمەتلەپ كۆمۈۋەتسىمۇ ئۇنىڭدا ھېچبىر چەكلىمە يوق. لېكىن ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن كۆمۈۋېتىش ئەۋزەلدۇر. الله قا ھەمدىلەر بولسۇن! بۇنىڭ ھۆكمى كەڭرى بولغاچقا، ئۇنى يۇيۇش ۋە كۆمۈش ۋاجىب ئەمەس.

ئەگەر ئىنساندىن ئېلىۋېتىلگىنى تۆت ئايغا توشقان تۆرەلمە بولسا، ئۇنى يۇيۇش ۋە دەپنە قىلىش ۋاجىب بولىدۇ. ئەمما جان كىرگۈزۈلمىگەن بولسا ياكى بارماقنىڭ بىر پارچىسى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىرەر ئەزا بولسا ئۇنىڭدا ھۆكۈم كەڭرىدۇر، لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۇنى پاك يەرگە كۆمۈۋېتىش ئەۋزەلدۇر.

22ـ سوئال: بەزى كېسەللەر ماڭا ئۆزىنىڭ مەست قىلغۇچى ئىچىملىكلەرنى ئىچكەنلىكىنى، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چەككەنلىكىنى شۇنداقلا ئۇنىڭدىن باشقا زىنا ۋە بەچچىۋازلىققا ئوخشاش جىنايەتلەرنى سادىر قىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ. مەن ئۇلارنى پاش قىلىشىم كېرەكمۇ؟

جاۋاب: ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ تەۋبىگە قىزىقتۇرۇش ھەمدە ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشىنى يوشۇرۇش، ئۇلارنى رەسۋا قىلماسلىق. ئۇلارغا الله تائالانىڭ تەۋبە قىلغان كىشىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۇرۇپ، بۇ مەئسىيەتنى قايتا قىلىشتىن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ھەمدە ئۇلارنىڭ الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىشىغا ياردەم قىلىش. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالْمُؤْمِنُونَ وَالْمُؤْمِنَاتُ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاءُ بَعْضٍ يَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَيَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنْكَرِ﴾ «مۆئمىن ئەرلەر، مۆئمىن ئاياللار بىر ـ بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ»[1].

الله تائالا بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالْعَصْرِ ۞ إِنَّ الْإِنْسَانَ لَفِي خُسْرٍ ۞ إِلَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ وَتَوَاصَوْا بِالْحَقِّ وَتَوَاصَوْا بِالصَّبْرِ﴾ «زامان بىلەن

---

[1] سۈرە تەۋبە 71ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قەسەمكى [1]، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر-بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر-بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر [2 - 3]»①.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «الدين النصيحة» «دىن نەسىھەتتۇر».②

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «من ستر مسلما، ستره اللَّه في الدنيا والآخرة» «كىمكى بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ئەيىبىنى ياپسا، الله تائالا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۇ كىشىنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ».③ الله تائالا توغرىغا مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر.

23- سوئال: دوختۇرلار ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىر بىمارغا ھاياتىنىڭ بەكلا ئاز قالغانلىقىنى دېگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ مۇشۇ ۋاقىتتىكى تەۋبىسىنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: ئۇ كىشى گەرچە ئۆلۈم مىنۇتلىرىدا بولسىمۇ تەۋبە قىلىشقا ئالدىرىشى، گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن ئېھتىيات قىلىشى كېرەك. چۈنكى، ئۇ كىشى ھاياتلا بولىدىكەن تەۋبە ئىشىكى ئۇنىڭغا ھەر دائىم ئوچۇقتۇر. بەزىدە دوختۇرلار ئۆمرىڭىز بەك قىسقا دېگەن تەقدىردىمۇ ئۆمۈر الله نىڭ قولىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ گۇمانى خاتا چىقىپ ئۇ كىشى ئۇزۇن مۇددەت ياشىشى مۇمكىن. قانداقلا پەرەز قىلايلى، ئۆزىنىڭ تەۋبىسىنى الله نىڭ قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن ئۇ كىشىنىڭ تەۋبىگە

---

① سۈرە ئەسر 1- ئايەتتىن 3- ئايەتكىچە.
② مۇسلىم توپلىغان.
③ مۇسلىم توپلىغان.

ئالدىرىشى ۋە راستچىل تەۋبە قىلىشى ۋاجىبتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَتُوبُوا إِلَى اللَّهِ جَمِيعًا أَيُّهَ الْمُؤْمِنُونَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! بەختكە ئېرىششىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار الله قا تەۋبە قىلىڭلار»[1]. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنِّي لَغَفَّارٌ لِمَنْ تَابَ وَآمَنَ وَعَمِلَ صَالِحًا ثُمَّ اهْتَدَى﴾ «تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ئاندىن توغرا يولدا ماڭغان ئادەمنى مەن ئەلۋەتتە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىمەن»[2]. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «إن اللّٰه يقبل توبة العبد ما لم يغرغر» «بەندىنىڭ جېنى ھەلقۇمغا كەلمىگەنلا بولسا، الله ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ».[3] ياردەم پەقەت الله تىنلا تەلەپ قىلىنىدۇ.

24ـ سوئال: بەزى خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەتتىن باشقا شەخسىي كىرىم مەنبەسى بولغانلىقى ئۈچۈن، خىزمەت قىلىشتىن قېچىش مەقسىتىدە كۆپىنچە ئورۇنلۇق ۋە بەزىدە ئورۇنسىز سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ باشلىقىدىن رۇخسەت سورايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ باشلىقى خىزمەتچى كۆرسەتكەن سەۋەبنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا رۇخسەت بەرسە گۇناھكار بولامدۇ؟

جاۋاب: بىر ئورۇننىڭ باشلىقى ياكى مۇدىرى ۋە ياكى ئۇ ئىككىسىنىڭ ياردەمچىسىنىڭ، سەۋەبى ئورۇنسىز دەپ قارىغان كىشىگە بىرەر ئىشتا رۇخسەت بېرىشى دۇرۇس ئەمەس. بەلكى باشلىق ياكى مۇدىر

[1] سۈرە نۇر 31ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە تاھا 82ـ ئايەت.
[3] ئەھمەد ۋە تىرمىزى توپلىغان، تىرمىزى «ھەسەن» دېگەن .

سۇرۇشتە قىلىشى، ئەگەر جىددىي بىر ئېھتىياج تۇپەيلى رۇخسەت سورىغان بولسا، خىزمەتكە تەسىر يەتكۈزمىسە رۇخسەت بەرسە بولىدۇ. ئەمما، سەۋەبىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى بىلسە ياكى ئورۇنسىز سەۋەب دەپ گۇمان قىلسا رۇخسەت بەرمەسلىكى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇلماسلىقى كېرەك. چۈنكى، بۇ ــ ئامانەتكە خىيانەت قىلغانلىق، ئامانەتنى تاپشۇرغان كىشىگە ۋە مۇسۇلمانلارغا سەمىمىي بولمىغانلىقتۇر. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «كلكم راع وكلكم مسؤول عن رعيته» «سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى ۋە ھەممىڭلار ئۆز پادىلىرىڭلاردىن سورىلىسىلەر». [1] ھەدىستە ئېيتىلغاندەك (قول ئاستىدىكى كىشىلەر) ئامانەتتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ يَأْمُرُكُمْ أَنْ تُؤَدُّوا الْأَمَانَاتِ إِلَى أَهْلِهَا﴾ «شۈبھىسىزكى، الله سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ» [2]. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالَّذِينَ هُمْ لِأَمَانَاتِهِمْ وَعَهْدِهِمْ رَاعُونَ﴾ «ئۇلار (يەنى مۇئمىنلەر) ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر» [3]. الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَخُونُوا اللَّهَ وَالرَّسُولَ وَتَخُونُوا أَمَانَاتِكُمْ وَأَنْتُمْ تَعْلَمُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! الله قا، پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلماڭلار، سىلەرگە قويۇلغان ئامانەتلەرگە بىلىپ تۇرۇپ خىيانەت قىلماڭلار» [4].

25 ـ سوئال: دوختۇرخانىدىكى كارىۋات قىبلە تەرەپكە قارىتىپ

---

[1] بۇخارى توپلىغان.
[2] سۈرە نىسا 58 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە مۇئمىنۇن 8 ـ ئايەت.
[4] سۈرە ئەنفال 27 ـ ئايەت.

قويۇلمىغانلىقى ئۈچۈن، بەزى مۇسۇلمان بىمارلار ئۆلۈپ كەتكەندە قىبلىگە ئالدىنى قىلالمايدۇ، بۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: بىمارغا ئۆلۈم كېلىش ئالدىدا قولاي بولسا قىبلىگە ئالدىنى قىلىشى سۈننەتتۇر، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ھېچقانداق گۇناھ بولمايدۇ.

26 ـ سوئال: ئۆزى قاراۋاتقان دورىخانىدىن دورىلارنى ئېلىپ، سېتىلمايدىغانلىقىنى ھۆججەت قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى باشقا بىر دوختۇرخانا ياكى ئۆيدىكى باشقا كېسەللەرگە ئەۋەتىپ بەرگەن كىشىنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: بۇنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق تۈزۈم ۋە بەلگىلىمىلىرى بولىدۇ. ئەگەر دورىخانا دوختۇرخانىنىڭ مەخسۇس دورىخانىسى بولسا، ئۇنىڭ دورىلىرى شۇ دوختۇرخانىدا داۋالىنىدىغان كېسەللەردىن باشقا كىشىلەرگە ئىشلىتىلمەيدۇ. ھەربىر دوختۇرخانىنىڭ ئايرىم دورىخانىسى بولىدۇ. دورىخانا ئەگەر شۇ دوختۇرخانىنىڭ مەخسۇس دورىخانىسى بولسا، ئۇنىڭ دورىلىرى شۇ دوختۇرخانىدىكى كېسەللەر ۋە خىزمەتچىلەرگە ئىشلىتىلىپ باشقا دوختۇرخانىلارغا يۆتكەلمەيدىغانلىقى دۆلەت تەرىپىدىن چەكلەنگەن بەلگىلىمىدۇر.[1] ئەگەر سەھىيە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن دورىخانىنىڭ دورىلىرىنى باشقا دوختۇرخانىلارغا ئىشلىتىشكە رۇخسەت بەرگەن بەلگىلىمىسى بولسا، بۇ دورىلارنى باشقا دوختۇرخانىلارغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ، ناۋادا ئۇنداق بولمىسا بەلگىلىمىگە بويسۇنۇش ۋە ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلماسلىق كېرەك.

27 ـ سوئال: ئەزانىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ مەسجىدكە بارماي، بارلىق

---

[1] شەيخ بۇنىڭدىن سەئۇدى ئەرەبىستانىنى مەقسەت قىلغان.

نامازلارنى ئۆيىدە ياكى ئۆزى ئىشلەۋاتقان بۆلۈمدە ئوقۇيدىغان كىشىنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: بۇنداق قىلىش دۇرۇس ئەمەس، ئۇ كىشىنىڭ مەسجىدكە بېرىشى ۋاجىب. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «من سمع النداء فلم يأته، فلا صلاة له إلا من عذر» «كىمكى ئەزاننى ئاڭلاپ تۇرۇپ ئۆزرىسىز ھالدا (جامائەتكە) چىقمىغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ نامىزى قوبۇل قىلىنمايدۇ».[1] ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: «ئۆزرە دېگەن نېمە؟» دەپ سورالغاندا، ئۇ: «قورقۇنچ ياكى كېسەل» دەپ جاۋاب بەرگەن.

«أتى النبي - ﷺ - رجل أعمى، فقال: يا رسول اللّه، ليس لي قائد يقودني إلى المسجد، فسأل رسول اللّه - ﷺ - أن يرخص له فيصلي في بيته، فرخص له، فلما ولى دعاه، فقال: له، هل تسمع النداء بالصلاة؟ قال نعم، قال فأجب» «بىر ئەما كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى مەسجىدكە يېتىلەپ ئاپىرىپ قويىدىغان ئادەم يوق، شۇڭا نامازنى ئۆيدە ئوقۇسام بولامدۇ؟› دەپ رۇخسەت سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇ كىشىگە رۇخسەت قىلدى. ئۇ كىشى (رۇخسەت ئېلىپ بولۇپ) قايتىپ ماڭغاندا، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى چاقىرىپ: ‹نامازغا چىققان ئەزاننى ئاڭلامسەن؟› دەپ سورىۋېدى، ئۇ كىشى: ‹ھەئە› دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: ‹ئۇنداقتا ئەزانغا ئاۋاز قوشقىن (يەنى نامازغا كەلگىن)› دېدى».[2]

مەسجىدكە يېتىلەپ ئاپىرىپ قويىدىغان ئادىمى يوق ئەما كىشىگە رۇخسەت بېرىلمىگەن يەردە، ئۇنىڭدىن باشقا كىشىلەرگە رۇخسەت

[1] ئىبنى ماجە، دارىقۇتنى، ئىبنى ھىببان ۋە ھاكىم توپلىغان.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

بىرىلمەسلىكى مۇقەررەر. شۇڭا مۇسۇلمان كىشىنىڭ نامازنى ئۆز ۋاقتىدا جامائەت بىلەن ئوقۇشقا ئالدىرىشى ۋاجىب. ئەمما ئۆيى ئەزان ئاڭلانمايدىغان دەرىجىدە يىراقتا بولسا، ئۆيىدە ئوقۇسا دۇرۇس بولىدۇ. ئەگەر شۇنداق يىراقتا بولۇپ جاپا تارتىسىمۇ سەۋر قىلىپ جامائەت بىلەن بىللە ناماز ئوقۇسا ئۇ كىشىگە ياخشى ۋە ئەۋزەلدۇر.

28 ـ سوئال: ساقلىقنى ساقلاش بۆلۈمىدە ئىشلەيدىغان بەزى خىزمەتچىلەر خىزمەت ئېھتىياجى سەۋەبىدىن كېچىنىڭ ئاخىرىدا دوختۇرلارنىڭ ئايرىم ئىشخانىلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئارام ئېلىش بۆلۈمىدە يات ئايال بىلەن خالىي قالىدۇ. ئۇلارغا بۇ ھالەتنى ئۆزگەرتىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكى ھەققىدە نەسىھەت قىلىنسا، مەسئۇللىرىغا مالامەت قىلىدۇ. شۇڭا مۇشۇ ھالەتلەرگە كۆرسەتمە بەرگەن بولسىڭىز؟

جاۋاب: بۇنداق خىزمەتچىلەرگە ئىشەنچلىك كىشىلەر مەسئۇل بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئايال كىشى كۆزىتىشكە ئېھتىياجلىق بولسا، يالغۇز قالماسلىقى ئۈچۈن ئىككى ياكى ئىككىدىن كۆپ ئاياللار ئايرىم بىرگە تۇرۇشى، ئەرلەرنىڭمۇ ئايرىم بىرگە تۇرۇشى ۋاجىب. ئەر دوختۇر ياكى ئەر بىمار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كېچە ياكى كۈندۈزدە ئايال دوختۇر ياكى ئايال بىمار بىلەن خالىي تۇرۇشى دۇرۇس ئەمەس. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «لا يخلون رجل بامرأة فإن الشيطان ثالثهما» «بىر كىشى (مەھرىمى بولمىغان) بىر ئايال بىلەن خالىي تۇرمىسۇن، ئەگەر ئۇنداق قىلسا ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۈچىنچىسى شەيتان بولىدۇ»[1].

29 ـ سوئال: خىزمەتكە مەسئۇل بولغان كىشىلەرگە قىممەتلىك

[1] ئەھمەد توپلىغان، شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

نەرسىلەرنى ھەدىيە سۈپىتىدە بېرىشىنىڭ ھۆكمى نېمە؟

جاۋاب: بۇنداق قىلىش چوڭ خاتالىق ۋە كۆپلىگەن يامانلىققا سەۋەب بولىدۇ. مەسئۇل كىشىلەرنىڭ ھەدىيىلەرنى قوبۇل قىلماسلىقى ۋاجىب. چۈنكى ئۇ بەزىدە پارا بولۇپ قېلىپ خۇشامەتچىلىككە ۋە خىيانەتكە سەۋەب بولىدۇ. لېكىن ئۇنى ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى دوختۇرخانا ياكى دوختۇرخانىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئالسا دۇرۇس، ئەمما ھەدىيە بەرگەن كىشىگە ئۇنى ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى دوختۇرخانىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشى كېرەك. شۇنداقتىمۇ ئۇنى ئۆزى ئۈچۈن ھەمدە دوختۇرخانا ئۈچۈنمۇ قوبۇل قىلماي قايتۇرۇۋېتىشى ئەڭ ئېھتىياتلىقتۇر. چۈنكى دوختۇرخانا ئۈچۈن ھەدىيە قوبۇل قىلىش — ئۆزى ئۈچۈن ئېلىشقا سۆرەپ بارىدۇ ۋە كىشىلەر ئۇنىڭدىن يامان گۇمان قىلىدۇ. بەزىدە ھەدىيە بەرگەن كىشى شۇ سەۋەبلىك يۈرەكلىك بولۇپ قالىدۇ ۋە باشقىلارغا قىلىنغان مۇئامىلىدىن ياخشىراق مۇئامىلىگە ئېرىشىپ قالىدۇ. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ بەزى كىشىلەرنى زاكات يىغىشقا ئەۋەتكەندە، ئەۋەتىلگەن كىشى: «ماۋۇ نەرسىلەر سىلەرگە تېگىشلىك بولغىنى، بۇ نەرسىلەر ماڭا ھەدىيە قىلىندى» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇنى رەت قىلىپ كىشىلەر ئارىسىدا خۇتبە سۆزلەپ مۇنداق دېگەن: «فإني أستعمل الرجل منكم على العمل مما ولاني اللَّه، فيأتي فيقول: هذا لكم وهذا هدية أهديت إلي، أفلا جلس في بيت أبيه أو أمه حتى تأتيه هديته إن كان صادقا» «مەن ئاراڭلاردىن بىر قىسىم كىشىلەرنى الله ماڭا يەرز قىلغان ئىش (يەنى زاكات) ئۈچۈن ئەۋەتسەم، بەزىلىرى قايتىپ كېلىپ: <بۇلار سىلەرگە تېگىشلىك بولغىنى، ماۋۇ

ماڭا ھەدىيە قىلىندى> دەيدۇ، ئەگەر ئۇ راستچىل بولسا، ئاتىسىنىڭ ياكى ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ باقسۇن، ئۇنىڭغا ھەدىيە كېلەمدىكىن؟!» . [1]

بۇ ھەدىس دۆلەت ئىشلىرىدىن قايسى بىر ئىشقا خىزمەتكە قويۇلغان كىشىگە تاپشۇرۇلغان مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشنىڭ ۋاجىب ئىكەنلىكىگە دەلىلدۇر. ئۇ كىشىنىڭ خىزمىتىگە ئالاقىدار بولغان ئىشلاردا ھەدىيە ئېلىشى دۇرۇس ئەمەس. ئەگەر ئۇنى ئالغان بولسا، يۇقىرىقى سەھىھ ھەدىسكە ئەمەل قىلىپ بەيتۇلمالغا قويۇپ قويۇشى، ئۇنى ئۆزى ئۆچۈن ئالماسلىقى كېرەك. چۈنكى، ئۇ ـــ يامانلىققا ۋاستە بولىدۇ ۋە ئامانەتكە نۇقسان يەتكۈزىدۇ. (ولا حول ولا قوة إلا باللّه)

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَإِنْ كُنْتُمْ مَرْضَى أَوْ عَلَى سَفَرٍ أَوْ جَاءَ أَحَدٌ مِنْكُمْ مِنَ الْغَائِطِ أَوْ لَامَسْتُمُ النِّسَاءَ فَلَمْ تَجِدُوا مَاءً فَتَيَمَّمُوا صَعِيدًا طَيِّبًا فَامْسَحُوا بِوُجُوهِكُمْ وَأَيْدِيكُمْ مِنْهُ﴾ «ئەگەر كېسەل بولساڭلار (سۇ زىيان قىلىدىغان بولسا)، ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (سۇ تاپالمىساڭلار)، ياكى سىلەرنىڭ بىرىڭلار هاجەتخانىدىن كەلگەن (يەنى تاهارەت سۇندۇرغان) بولساڭلار، ياكى ئاياللىرىڭلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن (غۇسلى تاهارەت ئۈچۈن) سۇ تاپالمىساڭلار، پاك تۇپراققا تەيەممۇم قىلىڭلار، ئۇنىڭ بىلەن يۈزۈڭلارغا، قولۇڭلارغا مەسهى قىلىڭلار».

( سۈرە مائىدە 6-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)